ئەسىرلەر گۈلىستانى

# مەردلىكنىڭ مەنىسى

(مۇھەممەد ئەۋفىينىڭ «جامىئۇل ـ ھېكايەت»)



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

كلاسسىكلار گۈلىستانى

# مەردلىكنىڭ مەنىسى

(مۇھەممەد ئەۋفىينىڭ «جامىئۇل ـ ھېكايەت»)

پىلانلىغۇچى: مۇرات ئېلى

باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت

تۈزگۈچى: پاتىگۈل ئىمىن

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ تور ئادرېسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# تۇزگۈچىدىن

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر كلاسسىكلارنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلەت، تەلىم ـ تەربىيىنى ئاساسىي مەقسەت قىلىپ يازغان ئەسەرلىرى زامانىنىڭ ئۆتۈشى، كىشىلەر ئاڭ سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى بىلەن يەنىمۇ ئۆز قىممىتىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە. ئۇلاردا ئالغا سۈرۈلگەن ئىلغار ئىدىيىلەر، ئەخلاقىي دەۋەتلەر قەدىمكى دەۋردىلا ئەمەس، بەلكى بۈگۈنكى دەۋردىمۇ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە بەلگىلىك رول ئوينىماقتا. بىز دەۋر قەدىمىگە ماسلىشىش، تارىختا ئۆتكەن مۇتەپەككۇرلارنىڭ ھاياتىي پائالىيىتى ۋە ئىجادىي ئەمگەكلىرى ئارقىلىق ئەۋلادلارنىڭ مەنىۋى جەھەتتىن يۈكسىلىشىگە ئىلھام بېرىش مەقسىتىدە، كلاسسىكلار قەلىمىگە مەنسۇپ بولغان ئەسەرلەر ئىچىدىن دىداكتىك مەزمۇن ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغانلىرىنى تاللاپ «كلاسسىكلار گۈلىستانى» ناملىق بۇ مەجمۇئەنى تۈزدۇق. دىققىتىڭىزگە سۇنۇلۇۋاتقان «مەردلىكنىڭ مەنىسى» دېگەن كىتابتا شەرق ئەدەبىياتى تۆھپىكارى نۇرىددىن مۇھەممەد ئىبىن تاھىر ئىبىن ئوسمان ئەۋفىي (1172\1177 – 1233) نىڭ ھاياتى ۋە «جامىئۇل ـ ھېكايەت» ناملىق ئەسىرىدىكى ھېكايەتلىك چۆچەكلەر، شۇنداقلا خەلقىمىز ئارىسىغا تارقالغان بىرقىسىم تەربىيىۋى ئەھمىيىتى زور بولغان چۆچەكلەر بايان قىلىندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# دانىشمەن بوۋامغا ئىلتىجا

بۈگۈن مەكتەپتىن يېنىپ، بوۋامنىڭ يېنىغا كەلدىم. چۈنكى ئوقۇتقۇچىمىز بىزگە «ئاتا ـ ئانىڭلارغا يېڭى ـ يېڭى تەربىيەتلىك چۆچەكلەرنى ئېيتقۇزۇپ، مەزمۇنىنى يېزىپ كېلىڭلار» دېگەن ئىدى. ئاتا ـ ئانامغا ئىلگىرى مۇشۇ ھەقتىكى تاپشۇرۇقلارنى بەرگەنلىكىنى ئېيتقىنىمدا ئۇلار كىتابخانىغا كىرىپ «ئەقىللىق قىز ھەققىدىكى چۆچەكلەر»، «ئەقىللىق تاز ھەققىدىكى چۆچەكلەر»، «ھۈنەرنىڭ خاسىيىتى ھەققىدىكى چۆچەكلەر»، «ماقال ـ تەمسىللىك چۆچەكلەر»، «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» دېگەن يۈرۈشلۈك كىتابلارنى ئېلىپ بەرگەن ئىدى. چۆچەك ئوقۇشقا بولغان قىزغىنلىقىم سەۋەبىدىن ھەركۈنى تاپشۇرۇقۇمنى ئىشلەپ بولۇپلا بۇ كىتابلارنى ئوقۇشنى ئادەت قىلغاچقا، نەچچە ئايغا بارمايلا بۇ كىتابلارنىمۇ ئوقۇپ بولغان ئىدىم. چۆچەكلەرنى كىتابلاردىن ئوقۇغاندىن كۆرە بوۋا ـ مومىلارنىڭ تىلىدىن بىۋاسىتە ئاڭلاش بەك ياخشى ئىكەن. مەن بۈگۈن بىر ئاينىڭ ئالدىدا بوۋامنىڭ ئۆيىگە بارغان

ۋاقىتىمدا ھەقىقىي ھېس قىلغان ئىدىم. بۈگۈنمۇ تەلىيىمگە بوۋامنىڭ قاتار چېيى بولماي قالسا كېچىچە يېنىدا يېتىپ چۆچەك ئېيتقۇزۇش ئارزۇيۇم بار ئىدى. مەن شۇلارنى ئويلاپ بوۋامنىڭ ئۆيى ئالدىغا كەلگىنىمنىمۇ سەزمەيلا قاپتىمەن. تۇيۇقسىز بوۋامنىڭ چاقىرغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئەتراپىمغا قارىدىم. دەرۋەقە، بوۋام كەينىمدىن كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ قولىدا بىر مۇنچە نەرسە - كېرەك بار ئىدى. مەن يېنىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، بوينىغا ئېسىلدىم. مەن ھەر قېتىم بوۋامنى كۆرگەن چېغىمدا ئۇ ئولتۇرۇپ بېرەتتى، مەن بولسام ئۇنىڭ بوينىنى چىڭ قۇچاقلاپ سۆيۈپ كېتەتتىم. بۈگۈن بوۋامنىڭ قولىدا نەرسە - كېرەك بولغاچقا، ئۇ ئولتۇرۇپ بەرسىمۇ ئىلگىرىكىدەك ئۇزاق قۇچاقلاپ تۇرمىدىم ۋە قولىدىكى نەرسىدىن بىر قىسمىنى ئېلىپ ئۆيگە كىردىم. ئىشىكنىڭ ئېچىلىشى بىلەن تەڭلا ئىچكىرىكى ئۆيدىن مومام چىقىپ مېنى كۆردى - دە، خۇشاللىقتىن قۇچىقىغا ئېلىپ مەڭزىلىرىمگە سۆيۈپ تۇرۇپ:

— مېنىڭ ئوماق نەۋرەم، چوڭ بوپتۇ. ئاتا - ئانىسى باشلاپ ئەكەلمىسىمۇ ئۆزى يەنە كەپتۇ، — دېدى. بۇ مېنىڭ ئۆزۈم يالغۇز ئۇچىنچى قېتىم كېلىشىم ئىدى. ھەر جۈمە كۈنى مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپلا بۇ ئۆيگە كېلىشنى شۇنداق ئارزۇ قىلسامۇ، لېكىن ئاتا- ئانام بۇنىڭغا قوشۇلمايتتى، مەن دەل 10 ياشقا كىرگەن كۈنى

www.uyghurkitap.com

ئاندىن مېنىڭ بۇ يەرگە يالغۇز كېلىشىمگە قوشۇلدى ۋە ئارقامدىن ئەگىشىپ مېڭىپ، بۇ ئۆيگە كىرىپ كەتكىنىمنى كۆرگەندىن كېيىن ئاندىن خاتىرجەم بولۇپ قايتقان ئىدى. بىزنىڭ ئۆي بىلەن بوۋاملارنىڭ ئۆيى گەرچە بىر شەھەردە بولسىمۇ، لېكىن كوچا ئاپتوبۇسىدا ساق بىر سائەت ئولتۇرغاندىن كېيىن ئاندىن بارغىلى بولاتتى. شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ مەندىن ئەنسىرەپ ئولتۇرغىنىنى بىلىپ تۇرسامۇ، نېمە ئۈچۈنكىن تېلېفون قىلىۋەتكۈم كەلمىدى. ئەمما بېشىدىن نۇرغۇن ئىسسىق - سوغۇقنى ئۆتكۈزگەن بوۋام مېنىڭ مومام بىلەن كۆرۈشۈپ تۇرغان ۋاقىتىمدا ئاتا - ئانامغا تېلېفون قىلىۋەتكەنلىكىنى ئېيتتى. مەن ئەمدى بارلىق ئىشنى ئۇنتۇپ ئۇلار بىلەن ئويناشقا باشلىدىم. نېمە ئۈچۈنكىن بوۋامنىڭ ئۆيىگە كەلسەم شۇنداق ئازادە بولۇپ قالاتتىم. ئاتا - ئانام شەنبە، يەكشەنبە كۈنىمۇ ئۆزىنىڭ ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولغاچقا، ئۇلارنىڭ مەن بىلەن ئويناشقا ۋاقتى چىقمايتتى. مەن گەرچە دوستلىرىم بىلەن ئاندا - ساندا ئويناپ تۇرسامۇ، ئەمما بوۋاملارنىڭكىدە ئوينىغاندەك ئۇنداق ئىچىلىپ ئوينىيالمايتتىم. بوۋام بەك قىزىقچى ئادەم بولۇپ، قىزىقارلىق يۇمۇر، تېپىشماقلارنى ئېيتىپ بېرىپ، مېنى تېلىقتۇرۇپ كۈلدۈرۈۋېتەتتى. بەزى ۋاقىتلاردا موماممۇ قىلىۋاتقان ئىشىنى قويۇپ بىزنىڭ سۆز ئويۇنىمىزغا داخىل بولاتتى.

مومام مېنى يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ مەڭزىمگە سۆيۈپ تۇرۇپ ئاتا ـ ئانامنىڭ ئەھۋالىنى سورىغاندىن كېيىن، نېمە تاماق يېگۈم بارلىقىنى سورىدى. مەن ئىككىلەنمەيلا:

ــــ سىزنىڭ لەڭمىنىڭىزنى شۇنداق سېغىندىم موما، ــــ دېدىم. مومام مەڭزىمگە يەنە بىرنى سۆيۈپ قويۇپ:

ــــ بولىدۇ، بالام. ئەمىسە مەن ساڭا لەڭمەن ئېتىپ بېرەي، ــــ دېدى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ سەي ئەكىرىش ئۈچۈن سىرتقا ماڭدى. مەن ئۆيگە كىرىپلا مومام بىلەن بولۇپ كېتىپ، بوۋامغا دىققەت قىلماپتىمەن، ئۇ سىرتتىن ئېلىپ كىرگەن نەرسە ـ كېرەكلەرنى قويۇپ قويۇپ، كىيىمىنى ئالماشتۇرۇپ، ئۆي ئىچىلىك كىيىمىنى ئالماشتۇرۇپ چىقىپ بولغان ئىدى. مومامنىڭ ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ كېتىشى بىلەنلا بوۋام يېنىمغا كېلىپ مېنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئولتۇرۇشقا تەمشەلدى. مەن بوۋامغا:

ــــ بوۋا، مەن خېلى چوڭ بولۇپقالدىم، قۇچىقىڭىزدا ئولتۇرۇۋالسام بولمايدۇ. تىزىڭىزغا بېشىمنى قويۇپ ياتاي، سىز ماڭا چۆچەك ئېيتىپ بېرىڭە، ــــ دېدىم ۋە بوۋامنىڭ تىزىغا بېشىمنى قويۇپ ئۇنىڭغا قاراپ ياتتىم. بوۋام خۇددى شۇنى كۈتۈپ تۇرغاندەك ناھايىتى تېزلا:

ــــ بولىدۇ بالام، موماڭنىڭ لەڭمىنى پىشىپ

www.uyghurkitap.com

بولغۇچە ساڭا چۆچەك ئېيتىپ بېرەي. قايسى چۆچەكنى ئاڭلىغۇڭ بار، ـــ دېدى.

ـــ مۇئەللىم بىزگە «ئاتا ـ ئاناڭلارغا يېڭى ـ يېڭى تەربىيەتلىك چۆچەكلەرنى ئېيتقۇزۇپ، مەزمۇننى يېزىپ كېلىڭلار» دېگەن. سىز ماڭا يېڭى ـ يېڭى چۆچەكلەرنى ئېيتىپ بەرسىڭىز مەن ئۇنى ئوبدان ئەستە ساقلىۋېلىپ، ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن ئېسىمدە قالغىنى بويىچە يېزىپ چىقاتتىم، ـــ دېدىم مەن جاۋابەن.

بوۋام تەلىپىم بويىچە چۆچەك ئېيتىپ بېرىدىغان بولدى ۋە ماڭا قاراپ:

ـــ بۈگۈن ساڭا مۇھەممەد ئەۋفي دېگەن ئەدىب تەرىپىدىن يېزىلغان «جامىئۇل ھېكايەت» دېگەن كىتابتىكى ھېكايەتلەرنى ئوقۇپ بېرەي، ـــ دېدى. مەن ئۇنىڭدىن:

ـــ بوۋا ، مۇھەممەد ئەۋفي دېگەن كىم دەپ سورىدىم.

ـــ ئالدىرىما، ئوغلۇم، ساڭا ھازىرلا دەپ بېرىمەن.

مۇھەممەد ئەۋفىينىڭ تولۇق ئىسمى نۇرىددىن مۇھەممەد ئىبن تاھىر ئىبن ئوسمان ئەۋفي (ھىندىستان، 1233~1177 / 1172 بۇخارا) ئەدەبىياتشۇناس، تەرجىمان شەرق ئەدەبىياتىدا تەزكىرىچىلىك ئىلمى ئاساسچىلىرىدىن بىرى. «دەرى

فارىخاك» مەدرىسىسىدە ئوقۇغان. روكنىددىن مەسئۇد ئىمامزادە، تاجىددىن ئۆمەر ئىبنى مەسئۇد ۋە قۇتبىددىن سەرەخسىيلەردىن تەلىم ئالغان.

ئەۋفىي 1201 - يىلى سەمەرقەند ھاكىمى سۇلتان جالالىددىن ئىبنى ھۇسەيىن تابغاچخان (تامغاچخان) خىزمىتىگە قوبۇل قىلىنغان. كاتىپلىق خىزمىتىنى ئىشلىگەن، كۆپ يۇرتلارنى — نىشاپۇر، تۇس، ھىرات، مەرۋە شەھەرلىرىنى ساياھەت قىلغان ئالىم. ئۇ 1204 — 1205 - يىللىرى خارەزمدە بولۇپ، ئاتاقلىق مۇتەسەۋۋۇفلاردىن نەجمىددىن كۇبرا (1221 - خىۋە - 1145 ) ۋە شەيخ مەجدىددىن باغدادىي (1216/1217 - يىلى خارەزمشاھ ئەلائۇددىن مۇھەممەدنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن) لارنىڭ سۆھبەتلىرىدە بولغان. كېيىن نىسا شەھىرى ئارقىلىق خۇراسانغا باردى، ئۇنىڭدىن كېيىن سىيىستاندا بولدى. غەزنە شەھىرىدىكى چېغىدا چىڭگىزخان قوشۇنلىرىنىڭ ماۋارائۇننەھرگە باستۇرۇپ كىرگەنلىكىنى ئاڭلاپ، يۇرتىغا قايتماي، ھىندىستانغا كەتكەن. بۇ يەردە ئۇچ ۋىلايەتنىڭ ھاكىمى ناسىرىددىن قۇباچىنىڭ خىزمىتىگە كىرگەن (1222). ئۇنىڭدىن كېيىن گۇجاراتتا قازى بولۇپ ئىشلىگەن. 1227 - يىلىدىن باشلاپ دېھلىدە ياشىغان ۋە شۇ يەردە ۋاپات بولغان.

ئەۋفىي «لۇباب ئەل - ئەلباب» («مېغىزلارنىڭ

مېغىزى)» ۋە «جامىئۇل ـ ھېكايەت» («ھېكايىلەر توپلىمى») ناملىق ئىككى يىرىك ئەسەر يېزىپ قالدۇرغان.

تۆۋەندە ساڭا بۇ كىتابتىكى ھېكايەتلىك چۆچەكلەرنى ئوقۇپ بېرەي:

## خەلىپىنىڭ چۈشى

بىر كۈنى ھارۇن ئەر رەشىدنىڭ چۈشىدە چىشلىرى پۈتۈنلەي چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئەتىگەندە پالچىنى چاقىرىپ، چۈشىنىڭ تەبىرىنى سورىغاندا، ئۇ:

— ئۇلۇغ خەلىپىمىزنىڭ ئۆمۈرلىرى ئۇزۇن بولغاي! بىراق، يېقىن ئارىدا قېرىنداش ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭىزدىن بىرسىمۇ قالماي ئۆلۈپ كەتكۈدەك، — دەپتۇ.

خەلىپىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ:

— ئۇنى يۈز دەررە ئۇرۇڭلار! — دەپ بۇيرۇپتۇ. ئاندىن باشقا پالچىنى چاقىرىپ چۈشىنىڭ تەبىرىنى سوراپتۇ:

— چۈشتە كۆرگەنلىرىڭىز شۇنىڭغا ئىشارىكى، — دەپتۇ پالچى ئىززەت ـ ئېھتىرام بىلەن، — خەلىپىمىزنىڭ ئۆمرى ئۇزاق بولغاي، سىزنىڭ دۆلەت سايىڭىزدە قېرىنداش ئۇلۇغ ـ تۇغقانلىرىڭىزدىن باشقا

بارلىقى ئامانلىق تاپقاي.

ھارۇن ئەر رەشىد خۇرسەن بولۇپتۇ ـ دە، پالچىغا يۈز دىنار مۇكاپات بېرىپ يولغاساپتۇ.

## سايىداشلار

خەلىپە مەئمۇن قازى يەھيا ئىبنى ئەقسەم بىلەن بىللە باغ سەيلىسىگە بېرىپتۇ. خەلىپە باغقا بېرىشتا قازىنىڭ سايىسى چۈشكەن تەرەپتە ئولتۇرۇپتۇ. قايتىشىدا كۈنگەي تەرىپىدە ئولتۇرۇشنى لايىق تېپىپتۇ.

— بۇ قېتىم سايە تەرەپ سىلىنىڭ بولسۇن، بولمىسا ئەدلۇ ئىنساپقا زىت ئىش بولۇپ قالىدۇ، — دەپتۇ خەلىپە.

— ئۇزۇن يىلدىن بېرى مەن ئۆزلىرىنىڭ لۇتفۇ كەرەملىرىنىڭ سايىسىدا كېلىۋاتىمەن. بىرەر سائەت ئاپتاپتا قالسام نېمە بوپتۇ؟ — دەپ ئۇنىماپتۇ قازى.

خەلىپە ئۇنىڭغا ئىنتايىن مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ، لېكىن، يەنىلا ئۆزىنىڭ دېگىنىنى قىلىپتۇ. بۇ قېتىمدا ئاپتاپ تەرەپتە ئولتۇرۇپ قايتىپتۇ.

## ئەدەپنى كىمدىن ئۆگىنىش كېرەك؟

بىر قېلىن توقايلىقتا ئىنتايىن يىرتقۇچ بىر شىر

ماكانلىشىۋاپتۇ. بۆرە بىلەن تۈلكە كېچە - كۈندۈز ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىدىكەن. بىر كۈنى شىر بىر جانىۋارنى ئۆلتۈرۈپ، بۆرىگە «سەن بۇنى ئورتىدا ئادىل تەقسىملە!» دەپ بۇيرۇپتۇ. بۆرە ئولجىنى ئۈچ قىسىمغا بۆلۈپتۇ ۋە بىر قىسمىنى شىرنىڭ، ئىككىنچىسىنى تۈلكىنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ؛ ئۈچىنچىسىنى ئۆزىگە قالدۇرۇپتۇ. بۇنىڭغا شىرنىڭ سەپرايى ئۆرلەپ، ئۆزىگە تېگىشلىكىنىمۇ بۆرىنىڭ ئالدىغا ئېتىپتۇ. بۆرە قورققىنىدىن دىر - دىر تىترەپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي قاپتۇ. شىر تۈلكىگە «ئولجىنى سەن باشقىدىن تەقسىم قىل!» دەپ بۇيرۇپتۇ. تۈلكە ئويلاپمۇ ئولتۇرماي، بۆرە تەقسىملىگەن ئۈچ پارچە گۆشنى يىغىپ، ھەممىسىنىلا ئېلىپ شىرنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ-دە، شىرغا:

— ماۋۇ بىر پارچىسى ناشتىلىقىڭىز بولسۇن، ماۋۇ بىر پارچىسى چۈشلۈكىڭىز بولسۇن، ماۋۇ پارچىسى كەچلىك تامىقىڭىز بولسۇن، — دەپتۇ.

شىر تۈلكىنىڭ پاراسىتى ۋە ئەدەپ، قائىدە - يوسۇنلۇقىغا قايىل بوپتۇ.

— سەن بۇنداق قائىدە - يوسۇننى كىمدىن ئۆگەندىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ شىر تۈلكىدىن.

— شىر بىلەن بۆرىدىن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ تۈلكە.

## مەردلىكنىڭ مەنىسى

بىر كۈنى پادىشاھ ۋەزىرلىرىدىن سورىدى:

— مەرد، سېخىيلىكنىڭ ئالاھىدىلىكى نېمە؟
— ئۈچتۇر، — دەپ جاۋاب بەردى ۋەزىر، — بىرىنچىسى، قائىدە ـ قانۇنغا خىلاپ ئىش قىلماسلىق ۋە ۋاپادارلىق؛ ئىككىنچىسى، ئىككىلەنمەي تەشەككۈر ئىپتالايدىغان بولۇش؛ ئۈچىنچىسى، سوراپ ـ سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرماستىن ئېھسان بېرىش.
پادىشاھ سوئالىنى داۋاملاشتۇرۇپ:
— مەرد ـ سېخىي ئادەمنىڭ ئۆزى قانداق بولىدۇ؟
— تونۇمايدىغان ئادەمگىمۇ مال بەخشەندە قىلىپ بېرەلەيدۇ، چۈنكى تونۇش ئادەمگە مال بەرگۈدەك بولسا، مۇنۇ ئىككى نەرسىدىن خالىي بولمايدۇ: بىرىنچىسى، شەپقەتتىن، ئىككىنچىسى، رىياكارلىقتىن (كۆز ـ كۆز قىلىشتىن). مەردلىكنىڭ يۇقىرى دەرىجىسى شۇكى، — دېدى ۋەزىر سۆزىنى داۋام قىلىپ، — ئادەم ئاشۇ ئىككى نەرسىدىن ئۆزىنى تارتىشنى بىلىشى لازىم.

## مېھرىبان قوشنا

ئابدۇراخمان ئەۋزى ھارپا كۈنى كەچقۇرۇن ئۆيىدە ئولتۇرغانىكەن، بىرى ھويلىنىڭ دەرۋازىسىنى قېقىپتۇ. چىقىپ قارىسا، قوشنىسى ئىكەن. ئۇ كەمبەغەل، كۆپ بالىلىق ئادەم ئىكەن. ئۇ يالۋۇرۇپ تۇرۇپ:
— غوجام، مانا، ئەتە ھېيت، لېكىن مېنىڭ

www.uyghurkitap.com

بىساتىمدا بىر پۇلمۇ يوق. بىر ئاز پۇل بېرىپ تۇرغان بولسىلا؟

— قېنى، بىر ئامال قىلىپ باقاي، — دەپ دەرۋازىنى ياپمايلا ئۆيىگە قايتىپ كىرىپ، ئايالى بىلەن مەسلىھەتلىشىپتۇ. ئايالى: «بار - يوقى يىگىرمە بەش دەرھەم پۇلىمىز بار، بوپتۇ، بۇنىڭ بىر قىسمىنى قوشنىمىزغا بېرەيلى، قالغىنىنى ئەتە ئۆزىمىز ھېيتلىق قىلايلى» دەپتۇ.

— ياق! — دەپتۇ ئۇ ئايالىغا، — پۇلنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا بېرەيلى، شۇنداق قىلساق ساۋابنىڭ بىر قىسمى بىزگە تېگىدۇ.

## چىرايىڭ سەت بولسا ئەينەكتىن كۆرمە

سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى بىر كۈنى نامازدىن تۇرۇپ، ئۇدۇل ئەينەك ئالدىغا بېرىپتۇ. ئەينەكتە ئۆزىنىڭ چىرايىنى كۆرۈپ، سەتلىكىدىن رەنجىپتۇ. كېيىن باش ۋەزىر جانابىي ئەھمەدكە ئەرز قىپتۇ:

— ئەينەككە قارىۋىدىم، ھۆسن - جامالىمنى ئۆزۈمگە لايىق كۆرمىدىم، ئەلۋەتتە ھۆسن - جامال دوستلىرىمنىڭ كۆپىيىشى، تەختۇ بەختىم ئۈچۈن كەم بولسا بولمايتتى.

— خەلقنىڭ ئۆزۈڭنى دوست تۇتۇشىنى خالىساڭ ئالتۇننى دوست تۇتما. سەلتەنەتنىڭ مۇستەھكەملىكى

ھۆسن بىلەن ئەمەس، ئالتۇن بىلەندۇر.

## مېھماندوست بەدەۋى[1] ۋە ئاچ كۆز خەلىپە

بىر كۈنى خەلىپە مەھدىي ئوۋغا چىقىپتۇ. ئۇ ئۇچرىغان ئوۋ ـ جەرەننى قوغلاپ، ئۆز ھەمراھلىرىدىن خېلىلا يىراقلاپ كېتىپتۇ. مۇلازىملىرى ۋە قوغدىغۇچى ئەسكەرلىرى ئۇنى خېلى يەرلەرگىچە ئىزدىشىپتۇ، لېكىن تېپىشالماپتۇ.

خەلىپە بولسا ئۇ كۈنى ئۇزۇن يول مېڭىپ بىر چاغدا بىر بەدەۋىنىڭ چېدىرىغا كېلىپ قاپتۇ. خەلىپىنىڭ قورسىقى تازا ئاچقانىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۈنمۇ بەك ئىسسىق ئىكەن. شۇڭلاشقا خەلىپە چېدىر ئىگىسى بەدەۋىگە دەپتۇ:

— ھەي، مېھماندوست بەدەۋى، قېنى، ئەزىز مېھماننى كۈتۈۋال!

— باش ئۈستىگە، — دەپتۇ بەدەۋى، — ئولتۇرسىلا، بار نەرسەمنى ئېلىپ چىقاي، لېكىن ئەيىبكە بۇيرۇمىسىلا.

— بولىدۇ، — دەپتۇ مەھدىي، — مەيلى يېگۈدەك نېمەڭ بولسا شۇنى ئېلىپ چىقساڭ بولىۋېرىدۇ.

---

[1] بەدەۋى — سەھرالىق، كۆچمەن ئەرەب

بەدەۋى بىر پارچە پىشلاق بىلەن قېتىپ كەتكەن نانىنى ئېلىپ چىقىپ مېھماننىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ.

مېھمان بۇلارنىڭ ھەممىسىنى پاك ـ پاكىز يەپ بوپتۇ، ۋە:

— پىشلىقىڭ ئاز، نېنىڭ بەكمۇ قاتتىق ئىكەن. يەنە نېمەڭ بار؟

بەدەۋىنىڭ بار – يوقى بىر كوزا شارابى بار ئىكەن، ئۇنى ئېلىپ چىقىپ، مېھماننىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. مېھمان شارابنى چۆچەككە قۇيۇپ ئىچىپتۇ، ئاندىن چاپىنىنىڭ پېشى بىلەن لەۋلىرىنى سۈرتۈپ، بەدەۋىدىن سوراپتۇ:

— مېنى تونۇدۇڭمۇ؟

— يوقسۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بەدەۋى.

— مەن، — دەپتۇ مېھمان، — خەلىپە مەھدىنىڭ مۇلازىمى بولىمەن.

— بەلكىم شۇنداقتۇر، — دەپتۇ بەدەۋى.

مېھمان يەنە بىر چۆچەك شارابنى ئىچىۋېتىپ، بەدەۋىدىن سوراپتۇ:

— مېنى تونۇدۇڭمۇ؟

— يوقسۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بەدەۋى.

— مەن، — دەپتۇ مېھمان، — خەلىپە مەھدىنىڭ خاس مۇلازىمى بولىمەن.

— بەلكىم شۇنداقتۇر، — دەپتۇ بەدەۋى.

مېھمـان يەنـە بىـر چۆچـەك شـارابنى ئىچىۋېتىپ، بەدەۋىدىن سوراپتۇ:

— ھەقىقەتەنمۇ مېنى تونۇمىدىڭمۇ؟

— يوقسۇ، تونۇيالمىدىم، — دەپتۇ بەدەۋى.

— مەن خەلىپە مەھدىنىڭ ئالىي قوماندانلىرىدىن بىرىمەن، — دەپتۇ مېھمان.

— بەلكىم شۇنداقتۇر، — دەپلا قويۇپتۇ بەدەۋى.

مېھمان يەنە بىر چۆچەك شارابنى ئىچىۋېتىپ، يەنە ئاشۇ سوئالنى تەكرارلاپتۇ.

— نېمە قىل دېمەكچى ئىدىڭ، تەقسىرىم، — دەپتۇ بەدەۋى دىققەتتە بولغان ھالدا.

— مەن خەلىپە مەھدىنىڭ ئۆزى بولىمەن، — دەپتۇ چالا كەيپ بولۇپ قالغان مېھمان مەيدىسىگە مۇشتلاپ.

بەدەۋى شاراب كوزىسىنى ئۇنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ، كوزىنىڭ ئاغزىنى مەھكەم ئېتىپ، بىر چەتكە ئېلىپ قويۇپتۇ، ئاندىن:

— ھەي، سەن دەسلەپتە خەلىپىنىڭ خاس مۇلازىمى دەپ ئىچتىڭ، كېيىن قوماندانى، دەپ يەنە ئىچتىڭ. ئەمدى خەلىپىلىكنى دەۋا قىلىۋاتىسەن. مۇبادا يەنە بىر چۆچەك ئىچىدىغان بولساڭ، بەلكى پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلىدىغان ئوخشايسەن؟!

## ياش خىزمەتكارنىڭ ئادەمگەرچىلىكى

بىر كۈنى بىر توپ يىگىتلەر بىر مۆتىۋەر ئادەمنىڭ

ئۆيگە مېھمان بولۇپ بېرىپتۇ.

ئۆي ئىگىسى مېھمانلارنى ئىززەتلەپ بىلەن سارايغا باشلاپ ئولتۇرغۇزۇپ، ياش خىزمەتكارنى چاقىرىپتۇ ۋە يۇقىرى ئاۋاز بىلەن: «داستىخاننى ئېلىپ چىق!» دەپ بۇيرۇپتۇ، لېكىن مېھمانلارغا تۇيدۇرماي ئۇنىڭغا سول كۆزىنى قىسىپ قويۇپتۇ.

خىزمەتكار ئىچكىرىگە كىرىپ، كېچىكىپ كېتىپتۇ. ئۆي ئىگىسى بولسا مېھمانلار ئالدىدا بىر ئاز خىجىل بولغاندەك بولۇپتۇ. تەخمىنەن بىرەر سائەتتىن كېيىن ياش خىزمەتكار داستىخاننى ئېلىپ چىقىپتۇ.

خوجايىن خىزمەتكارنى دۆشكەلەپتۇ:

— نېمانچە كېچىكىپ كەتتىڭ؟!

— مەن قۇللىرى داستىخاننى ئېلىپ ئاچسام، ئىچىگە مىغىلدىغان چۇمۇلە توشۇپ كەتكەنىكەن. ئۇنى شۇ پېتى مېھمانلار ئالدىغا ئېلىپ چىقسام، ئەدەپسىزلىك بولار دەپ ئويلىدىم، شۇنداقلا ناننى ئۇ بىچارىلەردىن تارتىۋېلىشنى مۇرۇۋۋەتسىزلىك دەپ بىلدىم ۋە چۇمۇلىلەر داستىخاننى بوشىتىپ چىقىپ كېتىشكىچە كۈتتۈم.

مېھمانلاردىن بىرى:

— تەڭرىتائالا داستىخانغا بەرىكەت ئاتا قىلغاي، چۈنكى ئۇ شۇنچە چۇمۇلىگە تاماق بېرىپتۇ، — دەپتۇ.

## پادىشاھلىقنىڭ ئىنقىرازى[1] نېمىدىن بولغان؟

---

[1] ئىنقىراز – چۈشكۈنلىشىش، چېكىنىش، يوقىلىش، ھالاك بولۇش.



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئابدۇللا تاھىردىن ئوغلى سوراپتۇ:
—پادىشاھلىقنىڭ ئىنقىرازىغا نېمە سەۋەب بولدى؟
— كېچىلىرى تىنىماي شاراب ئىچتۇق؛ تاڭ سەھەردىن قاراڭغۇ چۈشكىچە نامازدىن باش كۆتۈرمىدۇق؛ ئۆزىمىز ئىشلىمەي، دۆلەتنىڭ ئىشلىرىنى لاياقەتسىز، نامۇناسىپ ئادەملەرنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ قويدۇق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئابدۇللا تاھىر.

## غايىبتىن كەلگەن بەخت

باغدادلىق بىر يىگىتكە ئاتىسىدىن زور مىقداردا مال - مۈلۈك مىراس قاپتىكەن، لېكىن ئۇنى بۇ يىگىت ئاز ۋاقىت ئىچىدىلا بۇزۇپ - چېچىپ تۈگىتىۋېتىپتۇ. ئۆزى تەس كۈنگە قاپتۇ. خېلى ۋاقىتلارغىچە نېمە قىلارىنى بىلمەي، گاڭگىراپ يۈرۈپتۇ. ئاخىرى ئىلاج قالماي، دەجلە دەرياسىنىڭ بويىغا بېرىپ، ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپ ئۆلۈۋالماقچى بولۇپ، دەرياغا ئۆزىنى ئېتىپتۇ. دەل شۇ چاغدا دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر قېيىق توختىغانىكەن. قېيىقچى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ يىگىتنى سۇدىن سۇزۇۋاپتۇ.
—نەگە بارماقچى ئىدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇ يىگىتتىن ھېلىقى قېيىقچى.
— نەدىن كېلىپ، نەگە كېتىۋاتقانلىقىمنىمۇ

بىلمەيمەن، — دەپتۇ ھېلىقى يىگىت.

قېيىقچى پاراسەتلىك ئادەم ئىكەن، ئۇ بىر ئاز ئويلىنىپ، ئۆزى ـ ئۆزىگە: «بۇ يىگىت يا بىر ھىيلىگەر، يا مال ـ دۇنياسىدىن ئايرىلىپ ئىلاجسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان، ياكى بىرەرسىنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، مەقسىتىگە يېتەلمىگەن بولۇشى كېرەك» دەپتۇ ـ دە، يىگىتكە:

— ھەي يىگىت! ئۆز ئەھۋالىڭنى ماڭا تارتىنماي ئېنىق سۆزلەپ بەر، — دەپتۇ.

يىگىت مال ـ مۈلكىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، ئىلاجسىز قالغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

— غەيرەتلىك بول، يىگىت، — دەپتۇ ئۇنىڭغا مەدەت بېرىپ قېيىقچى، — سېنى بۇ دەجلە دەرياسىنىڭ ئۇ چەت قىرغىقىغا ئۆتكۈزۈپ قويىمەن، ئۇ يەردە تەڭرى ئىشىڭنى ئوڭلاپ قويسا ئەجەب ئەمەس، — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن قېيىقچى ئۇنى دەريانىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتكۈزۈپ قويۇپتۇ. يىگىت ئۇ يەردىن شەھەرگە قاراپ مېڭىپتۇ ۋە بىر ئازدىن كېيىن بىر مەسچىتنىڭ ئالدىغا بېرىپ قاپتۇ. بۇ يەرگە تۈمەنلىگەن ئادەملەر يىغىلغانىكەن. يىگىت ئۇدۇللا مەسچىتنىڭ ئىچىگە كىرىپتۇ. خەلق بۇ يەرگە خەلىپىنىڭ ھەرىمىدىكىلەردىن بىرسىنى سارايى خىزمەتچىسىگە نىكاھ قىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن يىغىلىشقانىكەن. نىكاھ مۇراسىمى

تۆگىگەندىن كېيىن خىزمەتچىلەر ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئالدىنقى قاتاردا ئولتۇرغانلارغا بىر تاۋاقتىن تىللا تارقىتىپ بېرىپتۇ. تاۋاقلارغا مۇشكى ئەنبەر سېپىلگەنىكەن. لېكىن يىگىتكە ھېچكىم كۆز قىرىنىمۇ سالماپتۇ. خىزمەتكارلاردىن بىرى بۇ ئەھۋالنى خەلىپىگە مەلۇم قىلىپ:

—ئىمامالار ۋە ئۆلىمالار ئارىسىدا توي سوۋغىتىغا لايىق بىر يىگىت ئولتۇرىدۇ، — دەپتۇ.

— ھە، ئۇنىڭ ئىسمى تىزىملىككە كىرگۈزۈلمىگەنمىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ مەئمۇن[1].

— ھەئە، — دەپتۇ خىزمەتكار، — كىرگۈزۈلمىگەنىكەن. چۈنكى تىزىملىك توشۇپ قالغانىكەن.

— قېنى، ئۇنىڭدىن سوراپ بېقىڭلارچۇ، — دەپتۇ مەئمۇن خىزمەتكارغا، — پادىشاھ ۋە خەلىپىلەرنىڭ سارىيىغا چاقىرىلمىغان ئادەمنىڭ كىرىشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلەمدىكەن؟

يىگىت ئۇ خىزمەتكارغا دەپتۇ:

— ياق، ئۇقمايدىكەنمەن. بۇرۇن بۇنداق ئىشنى كۆرۈپمۇ باقماپتىمەن.

مەئمۇن ئۇنى يېنىغا چاقىرتىۋېلىپ:

---

[1] مەئمۇن — ھارۇن رەشىدنىڭ ئىرانلىق كېنىزىكىدىن بولغان ئوغلى. ئۇ ئاتىسىدىن كېيىن تەختكە ۋارىسلىق قىلغان ۋە مىلادىيە 318 ـ يىلدىن 338 ـ يىللىرىغىچە ھۆكۈمرانلىق قىلغان، ئىلىم – پەنگە ھامىيلىقى بىلەن شۆھرەت قازانغان.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

— سېنى بۇ يەرگە بىرەرسى چاقىرغانمىدى؟ — دەپتۇ.

— ياق، ئۇلارنى چاقىرىشقانىكەن، — دەپتۇ يىگىت تويلۇق سوۋغاتتىن بەھرىمەن بولغانلارنى كۆرسىتىپ.

— بىزنىڭ خىزمەتكارلىرىمىزنى كۆرمىدىڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ خەلپە.

— ھە، ئۆزلىرىنىڭ خىزمەتچى خادىملىرىنى كۆردۈم، سارايلىرىغا كىرىش ماڭىمۇ نېسىپ بولغانىكەن، كىرىپ قاپتىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ يىگىت.

يىگىتنىڭ دادىللىقى ۋە ساپ دىللىقى خەلپىگە يېقىپ قاپتۇ.

— بۇ يىگىتنىمۇ ئالاھىدە مېھمانلار تىزىملىكىگە تىركەپ قويۇڭلار، — دەپ بۇيرۇپتۇ ئۇ خىزمەتكارغا.

## كەررۇخلىق[1] دەللال

كەررۇخلىق بىر دەللال تۆۋەندىكى ھېكايەتنى سۆزلەپ بەرگەنىكەن: ماڭا تونۇش بىر سودىگەر ھەر يىلى خۇراسانغا كېلىپ، نۇرغۇن رەختلەرنى ئېلىپ، باغدادقا ئېلىپ كېتەتتى. مەن ئۇنىڭ ئېلىپ كەلگەن ماللىرىنى سېتىپ پۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا كېرەك ماللىرنى ئېلىپ

---

[1] كەررۇخ – ھىرات ئەتراپىدىكى رايونلاردىن بىرى، ھىراتنىڭ شەرقىي شىمالى تەرىپىگە جايلاشقان.

بېرەتتىم ۋە بۇ ئىشىم بىلەن بىر قىش يېتىپ يېگۈدەك دارامەتكە ئىگە بولۇپ قالاتتىم. نېمىشقىدۇر ئۇ كېيىنكى يىلى كەلمىدى. بۇنىڭ بىلەن مېنىڭ تىرىكچىلىكىمگە نۇقسان يەتتى. ئەھۋالىم ئېغىرلاشتى. ئۆيدە ئىشسىز ئولتۇرۇپ قالدىم. بىر كۈنى كوچىغا چىقىپ، بېشىم قايغان تەرەپكە قاراپ ماڭدىم. كۈن ناھايىتى ئىسسىق ئىدى. دەجلە دەرياسىنىڭ بويىغا باردىم ۋە ئۇ يەردە بىرەر سائەتچە ئايلىنىپ يۈردۈم. قايتىشىمدا دەريانىڭ قىرغىقىنى ياقىلاپ ماڭدىم. ئۇ يەر قۇملۇق ئىدى. كېتىۋېتىپ بىر پۈتۈم تۇيۇقسىز قۇمغا تىزىمغىچە دېگۈدەك كىرىپلا كەتتى. پۇتۇمغا بىر نەرسە ئىلىنغاندەك قىلدى. پۇتۇمنى تەستە تارتىپ چىقاردىم. قارىسام پۇتۇمنىڭ بارمىقىغا بىر نەرسە ئىلىشىپ چىقتى. ئۇنى ئېلىپ قارىسام لىق ئالتۇن پۇل قاچىلانغان خالتا ئىكەن. يۈگۈرگىنىمچە ئۆيگە قايتىپ كەلدىم ـ دە، ھاپىلا ـ شاپىلا خالتىنى ئاچتىم. ئىچىدىن مىڭ دىنار ئاقچا چىقتى. مەن ئۆزۈمدىن ـ ئۆزۈمگە: «پەقىر ۋە كەمبەغەللىكىم ئۆزۈمگە مەلۇم. بۇ ئالتۇنلارنى ياخشىسى خەجلىۋەتمەي، يوشۇرۇپ قوياي، ئىگىسى تېپىلىپ قالغۇدەك بولسا، قولىغا تاپشۇرۇپ بېرەي، بولمىسا...» ئاردىن يەتتە يىل ئۆتتى. ئىگىسى تېپىلمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئالتۇنلارنى دەسمايە قىلىپ، ئوقەت قىلدىم ۋە بېيىپمۇ كەتتىم. دەسمايەم يۈز مىڭ دىناردىن

ئېششىپ كەتتى. بىر كۈنى دۇكىنىمنىڭ ئالدىدا ئولتۇراتتىم. كوررۇنۇشىدىن بىر مۇساپىر غېرىبتەك ئوخشايدىغان، لېكىن غەلىتىرەك بىر ئادەم ئالدىمدىن ئۆتتى. ئۇ ئۆزرچىلا توختاپ، ماڭا سالام بەردى. سەدىقە تىلەۋاتقان بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم ۋە بىرەر نەرسە بېرىشنى نىيەت قىلدىم. ئۇ ئادەم ماڭا تازا تىكىلىپ قارىدى ـ دە، ئاندىن ئۆز يولىغا قاراپ ماڭدى. مېنىڭ يۈرىكىم گۈپۈلدەپ سېلىشقا باشلىدى. كۆڭلۈم «تېززاق بول» دەيتتى. ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ماڭدىم، ئۇنى توختاتتىم. دىققەت قىلىپ قارىسام ھېلىقى مەن ئۇنىڭدىن كۆپ نەپ ئالغان باغدادلىق سودىگەر ئىكەن. ئۇنى تونۇپ قۇچاقلىدىم، يۈزلىرىگە سۆيۈپ، ئۇنى دەرھال ھامامغا ئېلىپ باردىم ۋە يۇيۇندۇرۇپ، بىر قۇر كىيىم ـ كېچەك ئېلىپ بېرىپ، ئۈستىبېشىنى يەڭگۈشلىدىم، ئاندىن قورسىقىنى تويغۇزۇپ ھال ـ ئەھۋالىنى سورىدىم.

ئۇ ماڭا مۇنۇ ئىشلارنى ھېكايە قىلىپ بەردى: كۆپ يىل يۇرتمۇ يۇرت كېزىپ يۈردۈم. بىر كۈنى ۋىلايەت ھاكىمى مېنى چاقىرتىپ دېدى: «بىر دانە قىممەتباھالىق ياقۇتۇم بار. شۇنى بېرەي، باغدادقا ئاپىرىپ سېتىپ، پۇلىغا لازىملىق ماللارنى ئېلىپ كەل.» ئاشۇ ياقۇتنى ئېلىپ، پۇل قاپچۇقۇمغا مەھكەم سالدىم، ئۈستىگە مىڭ دىنار ئاقچىمۇ سېلىپ، باغدادقا كەلدىم. ھاۋا بەكمۇ ئىسسىق ئىدى. دەجلە دەرياسىغا

بىرىپ چۆمۈلدۈم. ۋاي ئىسىت! پۇل قاپچۇقىنى ئاشۇ سۇغا چۈشكەن دەريا بويىدا ئۇنتۇپ قاپتىمەن. ئارىدىن بىرەر سائەتچە ۋاقىت ئۆتۈپ يېنىمغا قارىسام قاپچۇق يوق. هودۇققىنىمچە ئاشۇ سۇغا چۆمۈلگەن يەرگە باردىم. كۆپ ئىزدىدىم. لېكىن ئۇنى تاپالمىدىم. شۇنىڭدىن كېيىن ئۆز ـ ئۆزۈمگە: «ياقۇت هەر قانچە بولسا ئۈچ مىڭ دىنار بولار، بار بىساتىمنى سېتىپ، ياقۇتنىڭ ئىگىسىگە پۇلىنى تۆلىۋېتەرمەن» دېگەننى كۆڭلۈمگە پۈكتىم. مەن يۇرتۇمغا كېلىپلا هاكىمنىڭ ئالدىغا باردىم ۋە بولغان ئەهۋالنى ئۇنىڭغا ئەينەن دېدىم. باغداددىن ئېلىپ كەلگەن ماللىرىمدىن خالىغىنىنى بەردىم. لېكىن ئۇ بىرلا گېپىدە تۇرۇۋېلا ئالدى.

— ياقۇتنىڭ قىممىتى ئەللىك مىڭ دىنارغا يارايدۇ. شۇڭا سەن يا ئەللىك مىڭ دىنار تۆلە، بولمىسا ياقۇتنى قايتۇرۇپ بەر، — دېدى ـ دە، شۇئانلا مېنى قاماپ قويدى. مال — مۈلكۈمنىمۇ تارتىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن يەتتە يىل قاماقتا ياتتىم. شەهەر ئۆلىمالىرىنىڭ كېپىللىكى بىلەن مېنى قاماقتىن ئازاد قىلدى. لېكىن بەربىر دوست ـدۈشمىنىمنىڭ تاپا ـ تەنىسىگە چىداپ تۇرالمىدىم، شەهەردىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدۇم. بىردىنبىر تىلىكىم سېنى ئۇچرىتىش ئىدى، مانا خۇداغا شۈكۈر، مۇرادىمغىمۇ يەتتىم.

— بىرەر تىرىكچىلىك يولى هەققىدە

مەسلىھەتلىشۋالساق، ــــ دېدىم ئۇنىڭغا.
ئۇ مەسلىھەتىمنى لايىق تاپتى.
ــــ تەگرىم سىنىڭ ساپ ئېتىقادىڭنى ئېتىبارغا ئېلىپ، يوقاتقان مال ـ مۈلكۈڭنىڭ بىر قىسمىنى ئۆزۈڭگە قايتۇرۇپ بېرىدىغان بولدى، ــــ دېدىم ئۇنىڭغا.
ــــ قاندىقىسىغا؟ ــــ ھەيران بولدى ئۇ.
ــــ بۈنىڭدىن توپمۇتوغرا يەتتە يىل بۇرۇن، مەن ئاشۇ يەردىن سەن دەۋاتقان نەق ئاشۇ خالتىنى تېپىۋالغانىدىم. ئىچىدە مىڭ دىنار ئاقچا بار ئىكەن. ئۇنى ئامانەت سۈپىتىدە ساقلاپ قويغانىدىم. ئۇ پۇل مانا ھازىرغىچە يېنىمدا، مە، ئال. خىراجىتىڭگە ئىشلەت، ــــ دېدىم.
مىڭ دىنارنى ئۇنىڭغا ساناپ بەردىم.
ــــ خالتىسى قېنى، ئۇمۇ يېنىڭدا بارمۇ؟ ــــ دەپ سورىدى.
ــــ ھەئە، يېنىمدا بار.
ــــ ئۇنى ئەكەل.
خالتىنى يانچۇقۇمدىن چىقىرىپ ئۇنىڭغا بەردىم. ئۇ بۇ خالتىنى ئالغىنىچە ئۇنىڭ ئاستىنى سۆكتى ۋە بىر دانە رومانىي[1] ياقۇتنى تاپتى. ئۇنىڭدىن چىچىلغان نۇر بىلەن دۇكان ئىچى يورۇپ كەتتى. ئۇ ياقۇتنى كۆرۈشى بىلەن ھوشىدىن كەتتى، بىرەر سائەتتىن كېيىن ھوشىغا

---

[1] قىزىل ياقۇتنىڭ ئالىي سورتى.

كەلدى ۋە قوللىرىنى ئېچىپ، تەڭرىنىڭ چەكسىز مەرھەمىتىگە دۇئا قىلدى. ياقۇتنى يان قاپچۇقىغا سالدى ـ دە، ھېلىقى مىڭ دىنار پۇلنى مېنىڭ ئالدىمغا قويدى: «بۇنى ئالمايمەن» دەپ تۇرۇۋېلىۋالدى. نۇرغۇن ئۆزرىخاھلىقلاردىن كېيىن، ئۇ پۇلدىن ئۈچ يۈز دىنارنى تەستە ئالدى، قالغىنىنى ماڭا قالدۇرۇپ كەتتى.

## ئۈچ ئاكا ـ ئۇكا

سەرەخسلىك[1] سەئىد ئىبنى ناسىر دېگەن ئادەمنىڭ ئۈچ ئوغلى باركەن. چوڭىنىڭ ئىسمى ئەۋىن، ئوتتۇرانچىسىنىڭ سۇلەمە، كىچىكىنىڭ ئىبراھىم ئىكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىبراھىم ھەممىسىدىن باي ئىكەن. ئەۋىنمۇ قول ئىلكىدە خېلى مال ـ دۇنياسى بار بولۇپ، سۇلەمە ئەڭ كەمبەغەل ــ كۆكنامرات ئىكەن. ئۇنىڭ بارغانچە بالا ـ چاقىسى كۆپىيىپ، جان باقمىقى تەس كۈنگە قاپتۇ. ئۇ ئىلاج قىلالماي، ئاكىسى ئەۋىنگە ئۆز ھالىنى ئېيتىپ:

ــ ئاكا، ئىنىم ئىبراھىم ئۆز ئالدىغا خاتىرجەم، باياشات كۈن كۆرۈپ ئۆتتۇۋاتىدۇ. مۇبادا ئۇ مېنى ئۆز

---

[1] سەرەخس ــ ئامۇ دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىغا جايلاشقان، خوراسانغا قاراشلىق ۋىلايەت.

خىزمىتىگە قوبۇل قىلىپ، ياتلارغا قانداق ئىش ھەققى بەرسە، ماڭىمۇ شۇنىلا بەرسە، شۇنىڭغا رازى بولۇپ، ياخشى ئىشلەپ، خىزمىتىنى قىلىپ، مەنمۇ كۆڭلۈمنى خاتىرجەم ئۆتكۈزەر ئىدىم، — دەپتۇ. ئەۋىن ئىنىسى سۇلەمەنىڭ ئىلتىماسىنى ئىبراھىمغا يەتكۈزۈپتۇ. ئىبراھىم ئۇنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆز خىزمىتىگە ئاپتۇ. سۇلەمە بۇ يەردە جان – دىل بىلەن بېرىلىپ ئىشلەپتۇ .

بىر كۈنى ئەۋىن خەلىپە مۇتەۋەككىلنىڭ[1] (748 – 168) نايىبى (ئورۇنباسارى) ئەمىر يۇسۇپ بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ. گەپ ئارىسىدا ئەمىر يۇسۇپ: «ماڭا بىر توغرا نىيەتلىك، ھالال خىزمەتكار لازىم بولۇپ قالدى» دەپتۇ.

— مېنىڭ بىرسىنىڭ ئامانىتىگە خىيانەت قىلمايدىغان بىر ئىنىم بار، — دەپتۇ ئۇنىڭغا.

— ئۇنداق بولسا، ئۇنى مېنىڭ قېشىمغا ئېلىپ بار! — دەپتۇ ئەمىر يۇسۇپ.

ئەۋىن سۇلەمەنى ئەمىر يۇسۇپنىڭ ھوزۇرىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. ئەمىر ئۇنىڭغا ئىلتىپات قىلىپ، كىچىكرەك بىر خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپتۇ. ئەمىر يۇسۇپ پۇلنى ئالماي خىراجەت قىلار ئىكەن. ھېساب – كىتاب بىلەنمۇ كارى بولمايدىكەن. كۆپ ئۆتمەي كىرىم – چىقىم ئىشلىرىنى سۇلەمەنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ.

---

[1] مۇتەۋەككىل – ئابباسىيلار سۇلالىسىگە تەۋە خەلىپە.

شۇنىڭ بىلەن چىقىم تېجىلىپ، كىرىم ئېشىشقا باشلاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئەمىر يۈسۈپنىڭ سۈلەمەگە مېھرى ئېشىپ، ئۇنىڭ مەنسەپ دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپتۇ.

سۈلەمە ئەنە شۇنداق سادىقلىق بىلەن ئەمىر يۈسۈپنىڭ خىزمىتىنى كۆپ يىللار قىپتۇ. كۆپلىگەن چارە ـ تەدبىرلەرنى كۆرسىتىپتۇ. ئەمىر يۈسۈپنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئىززەت ـ ھۆرمىتى ۋە ئېتىقادى بارغانچە ئۆرلەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭمۇ تۇرمۇشى ياخشىلىنىپ، خېلى بېيىپ قاپتۇ. مەرتىۋىسىمۇ يۇقىرى ئۆرلەپتۇ.

بىر كۈنى مۇتەۋەككىل ئەمىر يۈسۈپ بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرۇپ:

ـــ پەرزەنتلىرىمنىڭ كېلەچىكىنى ئويلاپ قالدىم. ئۇلارغا تېگىشلىك مىراسلىرىنى بۆلۈپ بېرىپ، بىرەر ئىشەنچلىك ئادەمنى مەسئۇل قىلىپ تايىنىپلا قويسام دېگەن ئويغا كېلىپ قالدىم، ـــ دەپتۇ.

ئەمىر يۈسۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ قول قوشتۇرۇپ:

ـــ قۇللىرىڭىز ئىشەنچلىك ۋە سادىق بىر ئادىمى بار، ـــ دەپتۇ ئۇ خەلىپىگە.

ئەمىر يۈسۈپ خەلىپىگە سۈلەمەنى تەرىپ ـ تۆسۈپلەپ بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى مۇتەۋەككىلنىڭ خىزمىتىگە يۆتكەپتۇ. مۇتەۋەككىلنىڭ ئەللىك نەپەر ئوغلى ۋە ئەللىك قىزى بار ئىكەن.

www.uyghurkitap.com

ئوغۇللىرىدىن ھەربىرىگە ئۈچ يۈز مىڭ دەرھەمدىن، قىزلىرىنىڭ ھەربىرىگە بىر يۈز ئەللىك مىڭ دەرھەمدىن مىراس بۆلۈپتۇ. ئۇلارنىڭ خوجىلىق ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى سۇلەمەگە تاپشۇرۇپتۇ.

## ھەسەتخورنىڭ جازاسى

«خۇلۇقۇل ـ ئىنسان» دېگەن كىتابتا مۇنداق دېيىلگەنىكەن: بىر ھەسەتخور ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ بىر مۆمىن ۋە تەقۋادار قوشنىسى بار ئىكەن. ھەسەتخور ئۇ قوشنىسىنى كۆرەلمەيدىكەن، لېكىن نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ ھەسەت ئوقى قوشنىسىنى نىشانغا ئالالمايدىكەن. ئۇ ئاخىرى ئۆزىنىڭ خىزمەتكارىنى ئالداپ ـ سالداپ ئىشقا سېپتۇ.

— بىلىپ قوي، — دەپتۇ ئۇ بىر كۈنى خىزمەتكارىغا، — قوشنام تولىمۇ چىشىمغا تەگدى، ئۇنىڭغا بىرەر زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈش ئۈچۈن كۆپ ئۇرۇندۇم، لېكىن ھېچ نەتىجە چىقمىدى. ئۇنىڭ دەستىدىن خاتىرجەملىكىمنى يوقاتتىم. تۇرمۇشۇم تۇرمۇشقا ئوخشىماي قالدى. سەن مېنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ قورۇسىغا ئېلىپ چىقىپ قوي. ئەتە ئەتىگەن خەلقلەر مېنى ئۇنىڭ ھويلىسىدا كۆرۈشىدۇ. ئەنە شۇ چاغدا ئۇ پالاكەتكە قالىدۇ. مال ـ دۇنياسىدىن ئايرىلىدۇ. شۇ

خىزمىتىڭ ئۇچۇن سېنى تولۇق ئازاد قىلىمەن. ئازاد بولغانلىقىڭ ھەققىدە ئىسپات خېتىنىمۇ يېزىپ بېرىمەن. ئەللىك دىنار پۇلمۇ بېرىمەن، كېيىن بۇ شەھەرنى تاشلاپ باشقا شەھەردىن ماكان تۇتقىن.

خىزمەتكارى دەپتۇ:

— ئەي، غوجام! ئەقىللىق ئادەم بۇنداق ئىش قىلمايدۇ. ئۇنىڭغا شۇنچە ھەسەت ـ ئۆچمەنلىك قىلىپ نېمە تاپىسەن؟

لېكىن خىزمەتكارنىڭ گەپلىرى ئۇنىڭغا تەسىر قىلماپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئاچچىقى كېلىپ، خوجايىنىنىڭ بېشىنى شارتتىدە كېسىپ ئاپتۇ ۋە قوشنىسىنىڭ ھويلىسىغا تاشلاپتۇ. ئەتىسى ئۇ بۇ شەھەرنى تاشلاپ ئىسپاھان دېگەن شەھەرگە قېچىپ كېتىپتۇ. قوشنىسىنى بولسا، قاتىللىقتا ئەيىبلەپ، ئۇنى ھەپسىگە ئاپتۇ. لېكىن كۆپ ئۆتمەي، ياخشى ئادەملەرنىڭ كېپىللىكى بىلەن ئاقلىنىپ ئازاد قىلىنىپتۇ.

## ھەسەتنىڭ ئاقىۋىتى

ئۆلۈغ بىر پادىشاھنىڭ ئەبۇ تەمەم دېگەن بىر پەزىلەتلىك ۋە دانا ۋەزىرى بولغانىكەن. پادىشاھنىڭ يېقىن مۇلازىملىرى ئۇنىڭغا ھەسەت قىلىپ، ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىگە ۋە ئۆزىگە قەست قىلىشىپتۇ. ۋەزىرنىڭ ھاياتى

خەۋپ ئاستىدا قالغانلىقتىن، بىر كۈنى كېچىسى پەيت كۈتۈپ، ئۆز مال - مۈلكىدىن ئۆزى كۆتۈرەلىگۈدەك ئېلىپ، ئۇ شەھەردىن قېچىپ چىقىپتۇ. ئۇزۇن يول كېسىپ، ئالان دېگەن مەملىكەتكە بېرىپ قاپتۇ. بىر تاغنىڭ يانباغرىغا چېدىر تىكىپ، شۇ يەرنى ماكان تۇتۇپ ئورۇنلىشىپتۇ. بارا - بارا ئۇنىڭغا ئالان مەملىكىتىنىڭ ھاۋاسى يېقىپ قاپتۇ. سۆزۈك سۇلىرى يېقىپتۇ. ئادەملىرى بىلەن چىقىشىپ كېتىپتۇ. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي، ئەبۇ تەمەمنىڭ تەرىپى ئۇ شەھەرگىمۇ تارقىلىپتۇ. بۇنىڭدىن ئالان پادىشاھى خەۋەر تېپىپتۇ.

— يۇرتىمىزدا ئۇلۇغ بىر زات پەيدا بولدى، — دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزۈشۈپتۇ.

پادىشاھ ئەبۇ تەمەمنى ئوردىغا چاقىرتىپتۇ. بۇرۇن پادىشاھلار خىزمىتىنى كۆپ ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن ھېچقانداق ئەندىشە قىلىپ كەتمەيلا ئوردىغا بېرىپتۇ. ئالان پادىشاھى ئۇنى ياخشى كۈتۈۋاپتۇ ۋە ھال - ئەھۋال سوراپتۇ. ئاندىن ئۇنى ئوردا خىزمىتىگە تەكلىپ قىلىپتۇ.

ئەبۇ تەمەمنىڭ مەقسىتىمۇ شۇ ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئالان پادىشاھلىقىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭغا تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى تاپشۇرۇپ، ئابرۇي - ئىناۋىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپتۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ بىلەن كېڭەشمەي ئىش قىلمايدىغان بولۇپتۇ.

بىر كۈنى ئەبۇ تەمەم پادىشاھقا ئەرز قىلىپتۇ:

— مەن بىر بىچارە ئادەم. سىلى بولسىلا، ھەزرىتى ئالىيلىرى، مەندەك بىر ئادەمگە ھەددىدىن ئارتۇق ئىلتىپات قىلىۋاتىلا، باشقىلار بۇنىڭغا ھەسەت قىلىپ، ئاخىرىدا ئاداۋەتچىلەر ئارىسىدا قالارمەنمىكىن، دەپ قورقىمەن.

— ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالمايلى، — دەپتۇ پادىشاھ.

ئەبۇ تەمەم بۇنىڭ بىلەن خاتىرجەم بولۇپتۇ ۋە خىزمىتىنى ئىشلەۋېرىپتۇ. پادىشاھ بولسا ئۇنىڭغا تولىمۇ مۇلايىم ۋە مەرھەمەتلىك مۇئامىلىدە بولۇپتۇ. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئوردىدا مۇشەييىر دەيدىغان بىر ئادەم پەيدا بولۇپتۇ. پادىشاھنىڭ تۆت ۋەزىرى بولۇپ، مۇشەييىر ئۇلارغا باشلىق ئىكەن. مۇشەييىر ئەبۇ تەمەمگە ھەسەت قىلىشقا باشلاپتۇ. پادىشاھ بولسا تامامەن ئەبۇ تەمەمنىڭ ئاغزىغا قارايدىكەن. بۇنى كۆرۈپ مۇشەييىرنىڭ قالتىس غەزىپى ئۆرلەپتۇ. ئاخىرى ئۇ ۋەزىرلەر بىلەن كەپنى بىر قىلىپ، ئەبۇ تەمەمنى ئۆلتۈرۈشكە قارار قىلىشىپتۇ.

ھەبەشتان خانىنىڭ گۈزەل ھەم ئەقىللىق بىر قىزى بار ئىكەن. ئەتراپتىكى كۆپلىگەن پادىشاھ، خانلىقلار ئۇنىڭغا كۆپ قېتىم ئەلچىلەر كىرگۈزۈشكەنىكەن، لېكىن ھېچقايسىسى مەقسىتىگە يېتىشەلمەي، ئوتتۇردا كۆپلىگەن ئەلچىلەرنىڭ بېشى

كېسىلگەنىكەن. مۇشەيىير ۋە ئۇنىڭ قوللىغۇچىلىرى بۇ قىزنىڭ بۇنداق ئەھۋالىدىن پايدىلانماقچى بولۇشۇپ، پۇرسەت تېپىپ، پادىشاھقا ھەبەشتان خانىنىڭ قىزى توغرۇلۇق گەپ قىلىشىپتۇ ۋە ئاستا - ئاستا پادىشاھنىڭ كۆڭلىنى رام قىلىشىپتۇ. كۆپ ئۆتمەي پادىشاھ ئۇ گۈزەل مەلىكىنىڭ ئىشقىدا بىقارار بولۇپ قاپتۇ. ۋەزىرلەرنى چاقىرىپ بۇ ھەقتە مەسلىھەت ئۆتكۈزۈشۈپتۇ.

— بۇ كۆڭۈل ئارزۇيۇمنىڭ ھەل بولۇشى ۋە ئاشۇ مەھبۇبەنىڭ ۋىسالىغا يېتىشىنىڭ قانداق چارە - تەدبىرلىرى باردۇر؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

ۋەزىرلەر بىر ئېغىزدىن:

— ھەبەشتان خانىنىڭ ئالدىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، قىزنى سورىتىڭ. ئېھتىمال رازىلىق بېرەر. بىز ئويلايمىزكى، ھەبەشتان خانى ئالان پادىشاھى بىلەن قۇدا بولۇشتەك شەرەپتىن خۇش بولغۇسى، غايىبتىن كەلگەن بۇ بەختنى غەنىيمەت بىلىپ، قىزنى بېرىشكە رازى بولار.

— ئەلچىلىككە كىم لايىق كېلەر؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

— بۇ ئىشتا ھېچكىم ئەبۇ تەممەنىڭ ئالدىغا ئۆتەلمەيدۇ، — دەپتۇ ۋەزىرلەر بىردەك، — ئۇ كىشى پادىشاھلارنىڭ خىزمىتىدە كۆپ بولغان، ئەدەپ ۋە مۇئامىلە يولىنى ياخشى بىلىدۇ.

بۇ پىكىر پادىشاھقا يېقىپتۇ. ئەبۇ تەمەمنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا ئۆز مەقسىتىنى دەپتۇ. ئەبۇ تەمەم تەزىم بىلەن دەپتۇ:

— جېنىم پىدا بولغاي، شاھىمىنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىنى باش ئۇستىگە قويۇپ ئورۇندايمەن.

پادىشاھنىڭ ئەمرى بىلەن سەپەر جابدۇقلىرى تەييارلىنىپتۇ. ئەبۇ تەمەمنى زور سوۋغاتلار بىلەن ھەبەشتان خانىنىڭ ئالدىغا يولغا ساپتۇ.

ھەبەشتان خانى ئۇنى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن كۈتۈۋاپتۇ. ئۇنىڭ شەرىپىگە كاتتا زىياپەت بېرىپتۇ، زىياپەت ئۇستىدە ئۇنىڭغا خان ئۆز يېنىدىن ئورۇن بېرىپتۇ. ئەبۇ تەمەم ئۆز پادىشاھىنىڭ سوۋغا ـ سالاملىرىنى تاپشۇرۇپتۇ. ئاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ كېلىش مۇددىئاسى ھەققىدە سۆز ئېچىپتۇ.

— مېنىڭ ئۈچۈن ئالان پادىشاھى بىلەن قۇدا بولۇش شەرىپىگە ئىگە بولۇشتىن ئارتۇق بەخت بارمۇ؟ — دەپتۇ خان، — ئۇ بىر ئۇلۇغ پادىشاھ، مەملىكىتى بىپايان. بىز رازى، لېكىن بىزنىڭ بىر ئادىتىمىز بار. ئەتە ئەتىگەندە بىرىپ قىزنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆر، ئاندىن ئۆزۈڭ كېڭىشىپ، بىر نېمە دېگىن، مۇبادا شاھىڭغا لايىق كۆرسەڭ، ئاندىن دۇئايىمىزنى بېرەيلى، ياقمىسا، ئىلاجىمىز يوق. كېيىن پۇشايان ۋە نادامەتكە ئورۇن قالمىغاي.

ئەبۇ تەمەم تەزىم بىلەن دەپتۇ:

— ئۇ كەرىمە ئۈزلىرىنىڭ پۇشتى كەمەرلىرىدىن پەيدا بولغانلىقى ئۇچۇن، خان ئەۋلادى. مەن ئۇلۇغ پادىشاھىمغە خىزمەتكارمەن، ئۈزلىرىنىڭ ھەرەملىرىگە مۇناسىپ ئەمەس. شۇنداق بولغاچقا ئۇنىڭ قىشىغا كىرىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئۇ تۇرغان ئۆينىڭ سايىسىگە نەزەر سېلىشمۇ زور گۇناھ ھېسابلىنىدۇ.

خان ئەبۇ تەمەمنىڭ ئەقىل ـ پاراستى، ئەخلاقۇ ئەدەپ، قائىدە ـ يوسۇنلىرىغا قايىل بوپتۇ.

— خۇداغا شۈكۈر، پادىشاھىڭنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولسۇن، سېنىڭدەك ئەدەپلىك خىزمەتكارنى تەربىيىلەپتۇ. ھەقىقىي سىرىمنى ساڭا دەي، سەندىن بۇرۇن كەلگەن ئەلچىلەر مېنىڭ بۇ سىنىقىمدىن ئۆتۈشەلمىدى. مەلىكىنى كۆرۈشكە رازى بولۇشۇپ، بىشىدىن ئايرىلىپ قېلىشتى. سېنىڭدە بۇنچىلىك ئەدەپ ۋە ھۆرمەت نەمۇنىلىرىنى كۆرۈپ، پادىشاھىڭنىڭمۇ ئەقىللىق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلدىم، — دەپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۆلىمالار ۋە قازىنى چاقىرتقۇزۇپ مەلىكە بىلەن ئالان پادىشاھىنىڭ نىكاھىغا پاتىھە بېرىشىپتۇ. ئەبۇ تەمەم مەلىكىنى ئالانغا ئېلىپ كەپتۇ.

پادىشاھ بىلەن ئەبۇ تەمەمنىڭ ئۆزئارا يېقىنلىقى تېخىمۇ كۈچىيىپتۇ. ۋەزىرلەر بۇنى كۆرۈپ ئەنسىرەشكە باشلاپتۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇلار يەنە بىر يېڭى ھىيلە —

نەيرەڭنى ئويلاپ تېپىشىپتۇ. پادىشاھنىڭ پۇتلىرىنى ئۇۋۇلاپ، تۇتۇپ قويىدىغان ئىككى نەپەر تۇرك غۇلامى (خىزمەتكارى) بارىكەن. ۋەزىرلەر ئۇلارنى ئىشقا ساپتۇ. «ئەبۇ تەمەم ئەسلىدە ھەبەشىستان خانىنىڭ قىزىغا ئۆزى ئاشىق بولۇپ قاپتىكەن» دېگەن گەپنى ئۆگىتىپتۇ. غۇلاملار بىر كۈنى كەچقۇرۇن پادىشاھنىڭ پۇتىنى ئۇۋۇلاپ تۇتۇشۇۋېتىپ، پادىشاھقا مۇنۇ سۆزنى ئاشكارا قىلىپتۇ:

— ھەي ئاغىنە، — دەپتۇ غۇلاملاردىن بىرى شېرىكىگە، — ئاڭلىدىڭمۇ ئاۋۇ تۇزكور ئەبۇ تەمەم شاھىمىزنىڭ ھالال جۇپتىگە خىيانەت قىپتۇ. يېقىندا ئۇ بىر ئادەمگە دەپتۇ: «ئەگەر ھەبەشىستان ھاكىمىنىڭ قىزى مېنىڭ بىلەن دوستلىشىپ قالمىغان بولسا، ھەرگىز يۇرتىنى تاشلاپ بۇ يەرلەرگە كەلمىگەن بولاردى.»

پادىشاھ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ غەزەپلىنىپتۇ ۋە ئۆزىگە ئۆزى: «مۇبادا بۇ گەپلەرنى مەنسەپدارلىرىمدىن ئاڭلىغان بولسام، ھەسەتخورلۇقتىن تاپقان گەپ دەپ قوياتتىم. غۇلاملارنىڭ ئەبۇ تەمەمگە قانداق ھەسەت ـ ئۆچمەنلىكى بولۇشى مۇمكىن؟»دەپتۇ. پادىشاھ كىچىچە كىرپىك قاقماي قىينىلىپ چىقىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەتىگەندە ئەبۇ تەمەمنى چاقىرىپتۇ:

— ئەگەر پادىشاھ بىرەر كىشىنىڭ بېشىنى سىلىسا، تۇرلۇك ئىنئاملار بىلەن تەقدىرلەپ، تەربىيىلىسە،

مەرتىۋىسىنى ئۆستۈرسە، ئەمما ئۇ ئادەم ئۆزىگە غەمخورلۇق قىلغۇچىنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتىگە خىيانەت قىلىپ، ئۇنى يەرگە قاراتسا، ئۇنداق ئادەم قانداق جازاغا لايىق؟ ـــ دەپتۇ ئەبۇ تەمەمگە تىكىلىپ تۇرۇپ پادىشاھ.

ـــ بۇنداق ئادەمنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىش كېرەك. بۇنىڭ بىلەن روھى زېمىن ناپاكلارنىڭ بىرىدىن تازىلىنىدۇ، ـــ دەپتۇ ئەبۇ تەمەم.

پادىشاھنىڭ ئەمرى بىلەن ئەبۇ تەمەمنى ئۆلتۈرۈپتۇ. پادىشاھنىڭ مەلىكىدىنمۇ كۆڭلى سوۋۇپتۇ، شۇڭا ئۇنىڭغا بۇرۇنقىدەك ئىلتىپات قىلمىماپتۇ.

لېكىن پادىشاھ بىر نەچچە كۈندىن كېيىن غەلىتە بىر ۋەقەنىڭ ئۈستىدىن چۈشۈپ قاپتۇ. ئۇ بىر كۈنى كېچىسى ئۇيقۇسى قېچىپ تاشقىرىغا چىقىپتۇ. ساراي ئەتراپىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، ھېلىقى ئىككى تۈرك غۇلامىنىڭ ياتىقىنىڭ ئالدىغا بېرىپ قاپتۇ. ئۆي ئىچىدىن بىرىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. ئۇلار بىر خالتىدىكى ئالتۇن پۇللارنى بۆلۈشۈۋېتىپ، ئۆز ئارا جېدەللىشىپ قېلىشقانىكەن. ئۇلارنىڭ بىرى دەپتۇ :

ـــ ئۇ گەپنى مەن پادىشاھقا دېگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئالتۇننىڭ كۆپى مېنىڭ بولۇشى كېرەك.

ـــ ياق، ـــ دەپتۇ ئىككىنچىسى، ـــ قەلئەنى ئالغانمۇ، لەشكەرنى يوقاتقانمۇ سەن ئەمەس. ئاشۇ تۆھمەت گەپنى ئېيتىپ قانچىلىك شۆھرەت قازاندىڭ؟!

پادىشاھ بۇ ئىككى غۇلامنىڭ جېدىلىنى ئاڭلاپ، ئاندىن ئۆتۈلگەن ئىشنىڭ تەكتىگە يېتىپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇلارنى ئالدىغا چاقىرتىپ، ھەيۋە قىلىپ سوراق قىلىپتۇ. ئاخىر ئۇلار ئىقرار بولۇشۇپتۇ.

— بۇ گەپنى بىزگە ۋەزىرلەر ئۆگەتكەنىدى، — دەپتۇ ئۇلار توۋا قىلىشىپ.

## ماختانچاقنىڭ قىسمىتى

بىر كۈنى بىر ھەرىنىڭ كۆزى مىڭ جاپادا ئۇۋۇسىغا دان سۆرەپ كېتىپ بارغان چۈمۈلىگە چۈشۈپ قاپتۇ. ھاكاۋۇرلۇقى تۇتۇپ چۈمۈلىگە دەپتۇ:

— ھەي، چۈمۈلە! ئۆزۈڭنى بۇنچىلىك جاپاغا سېلىشىڭنىڭ سەۋەبى نېمە؟ بۇنچىلىك ئازابلىنىشنى ئىختىيار قىلىشىڭدىكى مۇددىئايىڭ نېمە؟ مېنىڭ ھاياتىم، يېيىش - ئىچىشىمگە قاراپ ئىش قىلساڭ بولمامدۇ؟ پادىشاھلار داستىخىنىدىكى ھەر قانداق تائام مەنسىز يېيىلمەيدۇ. شاھلارنى مىنىپ ئۇچىمەن، خالىغان يېرىمگە قونىمەن، نەيزەمنى دۈشمەننىڭ يۈرىكىگە سانجىيمەن، نېمىنى كۆڭلۈم تارتسا شۇنى يەيمەن.

ھەرە يۇقىرىقى گەپلىرىنى دەپ بولۇپ، پەرۋاز قىلىپ ئۇچقىنىچە ئۇدۇل قاسساپنىڭ دۇكىنىغا بېرىپ،

كاناردىكى ئېسىپ قويۇلغان گۆشكە قونۇپتۇ. قولىدا پىچىقىنى تۇتۇپ تۇرغان قاسساپ، گۆشكە قونغان ھەرىنى كۆرۈپ، پىچاق بىلەن بىرنى ئۇرۇپلا ئىككى پارچە قىلىۋېتىپتۇ. شۇ يەردە مارىشىپ قاراپ تۇرغان چۇمۇلىلەر ھەرىنىڭ پارچىلاپ تاشلانغان ئۆلۈكىنى ئۇۋۇلىرىغا قاراپ سۆرەپ ئېلىپ مېڭىپتۇ.

## ئاچ كۆز مۆشۈك

مۇھەممەت ئىبنى ئەھمەد باغدادىنىڭ بىر مۈشۈكى بار ئىدى. ھەر كۈنى ئۇنىڭغا بىر پارچىدىن گۆش بېرىپ تۇراتتىكەن. بىر كۈنى مۈشۈكنى كەپتەرخانىدا تۇتۇۋاپتۇ ۋە ئۇنى سويۇپ تېرىسىنى ئاپتۇ ـ دە، ئۇنى كەپتەرخانىنىڭ ئىشىكىگە ئىلىپ قويۇپتۇ. ئاندىن مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد مۈشۈكنىڭ تېرىسىگە قاراپ:

— ھەر كۈنى بېرىلىپ تۇرغان ئاشۇ بىر پارچە گۆشكە قانائەت قىلغان بولساڭ، بۇنداق ھالغا قالمىغان بولاردىڭ، — دەپتۇ.

## ئەدەپسىز ھەمراھ

فازىل ئىبنى سالىھنىڭ ئىككى ھەمسۆھبەت ھەمراھى بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ ئىسمى ناسىر ئىبنى



www.uyghurkitap.com

ھارىس، ئىككىنچىسىنىڭ سابىت ئىبنى شىرۋانىكەن. ئۇلار بىر كېچىسى شاراب ئىچىپ، كەيپى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن بىر چاغدا فازىل ئىبنى سالىھدىن تەپ تارتماي بىر ـ بىرىنى زاڭلىق قىلىشقىلى تۇرۇپتۇ، ئاخىر ئۇلار بىر ـ بىرى بىلەن قىزىرىشىپ قېلىشىپتۇ. ناسىر ئىبنى ھارىس سابىت ئىبنى شىرۋانىنىڭ سەللىسىنى يۇلۇپ ئېلىپ يەرگە تاشلاپتۇ. بۇ ئىشقا سابىت ئىبنى شىرۋانىنىڭ ئاچچىقى كەلگەنلىكتىن، يۈزلىرى قىزىرىپ ـ تاتىرىپ كېتىپتۇ.

فازىل ئىبنى سالىھ ئۇنى ئاچچىقىدىن ياندۇرماقچى بولۇپ:

ــــ نېمانچە خاپا بولىسەن؟ قويە، ئاچچىقىڭغا ھاي بەر، ــــ دەپتۇ.

ــــ سەندىنمۇ تەپ تارتماي ئاشۇنداق ھاقارەت قىلسا، نېمىشقا خاپا بولماي؟ ــــ دەپتۇ ئەلەم بىلەن سابىت ئىبنى شىرۋان.

ــــ ئۆزۈڭنى بېسىۋال، ــــ دەپتۇ فازىل ئىبنى ساھىل، ــــ ساڭا قىلىنغان ئاشۇ ھاقارەت ماڭىمۇ تەگدى.

## ئەمەلگە ئاشمىغان پەرمان

.

ناسىر ئىبنى سامانىي زامانىدا بۇخارادا بىر سودىگەر ئۆتكەنىكەن. ئۇلار ناسىر ئىبنى سامانىي بىلەن بىر

كوچىدا ئۇدۇلمۇئۇدۇل قوشنا ئولتۇرىدىكەن. سودىگەرنىڭ ئۆزى تەمبەل ئەمما نادان بىر ئوغلى بار ئىكەن. ئۇ ناسىر ئىبنى ئەھمەد بەزىدە ئاتلىنىپ كوچىغا چىقىپ قالسا، ئۇنى كۆرۈپ ھەۋىسى كېلىدىكەن ۋە بۇ ئەمىر كۆزدىن غايىپ بولغىچە ئارقىسىدىن قاراپ زوقلىنىدىكەن.

ئۇ ئاتىسى ئۆلگەندىن كېيىن، قالغان مىراس مال — مۈلكىنى ئاز ۋاقىت ئىچىدە يەپ — ئىچىپ تۈگىتىپتۇ. قالغان ئازراق پۇلغا ئات ۋە ئىككى خىزمەتكار — غۇلام سېتىۋاپتۇ. ئۇ بەزى - بەزىدە ئاتلىنىپ شەھەر ئايلىنىدىكەن، قايتىپ كېلىپ شارابخورلۇق قىلىدىكەن. غۇلاملىرى ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ، نېمە خىزمەتكە بۇيرۇشىنى كۈتۈپ تۇرۇشىدىكەن. شۇ تەرىقىدە ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتۈپتۇ. ئۇنىڭ ئاشۇ ئىككى خىزمەتكارى بىلەن ئېتىدىن باشقا ھېچنېمىسى قالماپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاخىر خىزمەتكارلاردىن بىرىنى بازارغا ئېلىپ چىقىپ سېتىپتۇ. قولغا كىرگەن بۇ پۇلنىڭ بىر قىسمىغا بىر ئېشەك سېتىۋاپتۇ، قالغىنىنى ئۆز تىرىكچىلىكىگە خىراجەت قىپتۇ. كۈنى قېيىن شارائىتتا ئۆتىدىكەن. شۇنداق بولسىمۇ، شەھەر ئارىلاشنى تاشلىماپتۇ. ناسىر ئىبنى سامانىي كوچىغا چىقتى دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىشى بىلەن ئۇمۇ ئېشىكىنى مىنىپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ماڭىدىكەن. ئۆيىگە قايتىشى بىلەنلا، يەنە شارابخورلۇقنى قىلىدىكەن.

بىر كۈنى ئۇ شاراب ئىچىپ ئولتۇرغاندا، تۇيۇقسىز كوچا تەرەپتىن ۋاڭ ـ چۇڭ ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ.

— بۇ نېمە ۋاڭ – چۇڭ؟ — دەپ سوراپتۇ ئۆي خىزمەتچىسىدىن.

— ئەمىر ناسىر ئىبنى ئەھمەد ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ خىزمەتكار.

سودىگەرنىڭ ئوغلى خېلىلا كەيپ بولۇپ قالغانىكەن، «ماڭ، بېرىپ ئۇنىڭ بېشىنى كېسىپ ئېلىپ كەل!» دەپ بۇيرۇپتۇ خىزمەتچىسىگە.

— يا ئاللا! بۇ گەپنى ئويلاپ دەۋاتامدىلا ياكى... — دەپتۇ ھەيران بولۇپ خىزمەتكار.

— ماڭ، دېگەندىن كېيىن ماڭ! — دەپ غەزەپ بىلەن ۋارقىراپتۇ خوجايىن. خىزمەتكار «خوپ، بولىدۇ» دېگىنىچە تاشقىرىغا چىقىپ كېتىپتۇ.

خوجايىن خىزمەتكار چىقىپ كېتىشى بىلەن ئۆزى گاراڭ ھالدا داڭ قاتقىنىچە تۇرۇپلا قاپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە بايۋەچچە بىر ئاز ھوشىغا كېلىپ، خىزمەتكارىنى چاقىرىپ سوراپتۇ:

— ئاخشام مەستلىكتە ساڭا نېمىلەرنى دېدىم؟

— ناسىر ئىبنى ئەھمەد سامانىينىڭ بېشىنى كېسىپ ئېلىپ كەل! — دەپ بۇيرۇغانىدىلا.

— سەن قانداق قىلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ خوجايىن ئۆكۈنۈپ ئۆچكەن ھالدا.

www.uyghurkitap.com

— مەسىتلىكتىن شۇنداق دەۋاتقانلىقىڭىزنى ئۇقتۇم. كېيىن يانا پۇشايمان يەپ قالمىسۇن، دەپ ئۆزلىرىنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىنى ئىجرا قىلمىدىم، — دەپتۇ خىزمەتكار.

— ياخشى قىپسەن، — دەپتۇ خوجايىن ئەقلىنى تېپىپ، — چۈنكى ئۇ ئادەم مېنىڭ يان قوشنام ئىدى.

## دەردى بىداۋا

شاھىد دېگەن شائىر يالغۇز ئۆزى كىتاب كۆرۈپ ئولتۇرغانىكەن. بىر تەرسا – جاھىل تونۇشى كىرىپ كەپتۇ. سالاملاشقاندىن كېيىن:

— تەقسىر، نېمە سەۋەبتىن يالغۇز ئولتۇرىدىلا؟ — دەپتۇ.

— سىزنى كۈتۈپ شۇنداق ئولتۇرغانىدىم، — دەپتۇ شائىر.

## قەغەزۋاز پادىشاھ

بىر جاپاكەش، سۇلتان مەسئۇدنىڭ ئالدىغا كىرىپ، ئەرز قىپتۇ:

— شاھىم، يولۇم غۇر شەھىرى ئارقىلىق ئۆتۈشكە توغرا كېلىپ قالدى. غۇر ھاكىمى مېنى تۇتۇۋالدى ۋە

ئېلىپ ماڭغان بار ـ يوقۇمىنىڭ ھەممىسىنى تارتىۋالدى.
سۇلتان «ئۇنىڭ مىلىنى قايتۇرۇپ بەر!» دېگەن مەزمۇندا غۇر ھاكىمىغا خەت يېزىپ بېرىپتۇ.
غۇر شەھىرىنىڭ ھاكىمى ئۇ خەتنى كۆرۈپ، خەتنى ئېلىپ كەلگۈچىنى زاڭلىق قىلىپ كولۇپتۇ، تازا كېلىشتۇرۇپ دۇمبالاپتۇ. ئاخىرىدا سۇلتاننىڭ ئەۋەتكەن خېتىنى ئۇنىڭغا مەجبۇرلاپ يېگۈزۈپ قوغلاپ چىقىرىپتۇ.
ئازابلانغۇچى يەنە سۇلتاننىڭ ئالدىغا ئەرز قىلىپ بېرىپ، بولغان ئەھۋالنى ئېيتىپتۇ. سۇلتان كاتىبقا غۇر ھاكىمىغا قارىتىپ تەھدىت ئارىلاش جىددىي خەت يېزىپ بېرىشنى، ئۇ خەتكە «بۇ قېتىم بۇ بىچارىنىڭ مىلىنى قايتۇرۇپ بەرمىسەڭ جازاغا تارتىلىسەن» دېگەن گەپنى يېزىپ قويۇشنى جېكىلەپتۇ. كاتىپ خەتنى يېزىشقا باشلىغانىكەن. ئازابلانغۇچى كىشى ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋاپتۇ ۋە سۇلتانغا يالۋۇرۇپتۇ.
ـــ ھەزرىتى ئالىيلىرى، بۇنداق ئۇزۇن ـ ئۇزۇن خەت يېزىپ بېرىشنىڭ ھاجىتى يوق، قىسقىلا بىر پارچە مەكتۇپ بولسا بولىدۇ.
ـــ نېمىشقا؟ ـــ دەپ ھەيران بوپتۇ سۇلتان.
ـــچۇنكى، ـــ دەپتۇ ئازابلانغۇچى كىشى، ـــ خەت كۆپ، قەغەز چوڭ بولسا، چايناپ يۇتالماي قىينىلىپ قالماي دەيمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## سۇنىڭ پۇلى سۇغا كەتتى

بەسىرلىك بىر ئادەمنىڭ ئازراق سېغىن قويلىرى باركەن. لېكىن ھەر كۈنى سېغىپ قويغان سۈتنىڭ بىر قىسمىنى كېچىسى شەپەرەڭلەر ئىچىۋالىدىكەن. قوي ئىگىسى بولسا، قالغان سۈتكە سۇ قوشۇپ، ئۇنى بازارغا ئاپىرىپ ساتىدىكەن. بىر كۈنى قويلارنى باققۇچى بۇ ئادەمگە: «ھەي، خوجايىن، بۇنداق قىلما. ئاقىۋىتى يامان بولىدۇ» دەپتۇ. لېكىن ئۇ خوجايىن قۇلاق سالماپتۇ. سۈتكە سۇنى قوشۇپ سېتىۋېرىپتۇ. بىر كۈنى قويلار تاغ باغرىدا ئوتلاۋاتسا، تۇيۇقسىزلا قاتتىق بوران كۆتۈرۈلۈپ، شىددەتلىك يامغۇر يېغىپ كېتىپتۇ. بىردەمدىلا تاغ ـ جىرالاردىن سەل يامراپ چۈشۈشكە باشلاپتۇ، ئاخىرى بۇ سەل ئۇلغىيىپ، ئوتلاۋاتقان قويلارنى ئېقىتىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قويچى قىشلاققا قۇرۇق قول ئۆزىلا ئاران قايتىپ كەپتۇ. خوجايىن ئۇنىڭدىن قويلىرىنى سورۇشتۇرسە، قويچى: «سۈتكە سەن قوشقان سۇلار قوشۇلۇپ، سەلگە ئايلاندى ـ دە، قويلىرىڭنى ئېقىتىپ كەتتى» دەپتۇ.

## خىزمەتكار كۈندە ئەمەس، كۈندە كېرەك

ئەلى مۇقاتىل دېگەن ئادەم تۆۋەندىكىلەرنى ھېكايە

قىلىدۇ:

يىگىتلىكىم ئەمدىلا باشلانغان چاغلىرىدا ھادىنىڭ خىزمىتىنى قىلدىم ۋە ئۇنىڭ بىلەن مەھرەمى ئەسرار (سىرداش) بولدۇم. بەختكە قارشى ئۇ خەلىپىلىك تەختىگە ئولتۇرغان كۈنىدىن باشلاپلا مىنى يىنىغا يولاتماي قويدى. بىر مەزگىل ھەسرەت چىكىپ يۈردۈم. بىر كۈنى «خەلىپە چاھار باغقا بارغۇدەك» دىگەن خەۋەر تارقالدى. مەن كوچىنىڭ بىر دوقمۇشىدا ئۇنىڭ ئۆتۈشىنى كۈتۈپ تۇردۇم. بىر ھازادىن كىيىن، ئۇ مەن تۇرغان كوچىدىن ئۆتتى. مەن ئورنۇمدىن دەس تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا ئوقتەك ئىتىلىپ چىقىپ سالام بەردىم ۋە ئۆزۈمنى تونۇشتۇردۇم:

— مەن سىلىنىڭ بۇرۇنقى قۇللىرى ئەلى مۇقاتىل بولىمەن، — دىدىم.

— ھە، سىنى كۆرۈپ تونۇدۇم، — دىدى ـ دە، باشقىچە گەپ ۋە ئىلتىپاتمۇ قىلماي، ئىتىنى قامچىلاپ كىتىپ قالدى.

بولغان ۋەقەنى نەۋفەلگە دىدىم.

— پادىشاھلارنىڭ ئادىتى شۇكى، سەلتەنەت تەختىگە چىققاندىن كىيىن، ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ھەمسۆھبەت خىزمەتكارلىرىنى ئۆزىدىن يىراقلاشتۇرىدۇ، — دىدى ئۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

# ئاچ كۆزلۈكنىڭ ئاقىۋىتى

جاھان كەزدى سەييياھلاردىن بىرى مۇنداق بىر ھېكايىنى ئېيتتى: يىگىتلىك ۋە كۈچ - قۇۋۋىتىمگە تولغان چاغلىرىمنىڭ بىر كۈنى يالغۇز يولغا چىقتىم. يول توسار بۇلاڭچىلاردىنمۇ ئەندىشە قىلمىدىم. ئۇزۇن يولنى بېسىپ، بىر چاغدا كۆلگە جايلاشقان بىر قونالغۇ ئالدىغا بېرىپ قالدىم. سارايۋەن ئەپتىدىن ناپاك، خۇنخور ئادەمدەك تۇيۇلدى. ئۇ دائىم يالغۇز كەلگەن يولۇچىلارغا ياتىدىغان ئۆي، ئېتىغا يەم - خەشەك بېرىدىكەن، ياخشى مېھمان قىلىپ ياتقۇزۇپ، تۈن يېرىم بولغاندا ئۇنىڭ بېشىنى كېسىپ، مال - مۈلكىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالىدىكەن. ئۇ ماڭىمۇ زور ئىلتىپات كۆرسەتتى. ئۆزۈمگە ياتىدىغان ئۆي، ئېتىمغا يەم - خەشەك بەردى. تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن، «شارابقا مەيلىڭىز قانداق؟» دەپ سورىدى. مەن: «مەيلى، ھەزمى تائام ئۈچۈن يامان بولماس» دېدىم. بىر كوزا شاراب كۆتۈرگەن، قەددى ئېلىپتەك بىر بالا بىلەن كىرىپ كەلدى. ئۇ سارايۋەننىڭ ئوغلى ئىكەن. بالا تەكەللۇپ بىلەن ساقىيلىق قىلدى. كەيپىم ئۆرلەپ، ئۇيقۇ باسقىلى تۇرغان بىر چاغدا بىزگە بىر ئۆيگە ئورۇن سېلىپ بەردى. بالىنىڭ ئورنى ئىشىك ئالدىدا، مېنىڭ تۆر تەرەپتە ئىدى. مەن بالىنىڭ ئورنىدا يېتىپ قالدىم. لېكىن ئۇيقۇم

قېچىپ كەتتى. بىر چاغدا ئىشىك غىچىرلاپ ئېچىلدى ۋە قولىدا پىچاق كۆتۈرۈپ سارايۋەن كىردى. ئۇ مېنىڭ ئۈستۈمدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ بالىنىڭ ئۈستىگە مىنىۋېلىپ ئۇنىڭ بېشىنى شارتتىدە كېسىپ ئالدى.

شۇ چاغدىلا بىلدىمكى، ئۇ ئەسلىدە مېنى ئۆلتۈرمەكچى ئىكەن. ئورنۇمدىن چاچراپ تۇرۇپ، قوزۇقتىكى قىلىچىمنى ئالدىم ـ دە، سارايۋەنگە ئېتىلدىم، سارايۋەن شۇ چاغدىلا ئۆز ئوغلىنى ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقىنى بىلدى. پىچىقىنى تاشلاپ زارلىدى ۋە تووۋا قىلغىلى تۇردى.

## ئۆزگىگە ئورا كولىساڭ ئۆزۈڭ چۈشىسەن

سەرىق ئىسىملىك بىر ئادەم ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن بۇ ۋەقەنى ھېكايە قىلىپ بەردى: بىر كۈنى ئۆزۈم يالغۇزلا سەپەرگە چىقتىم. يولدا ئوبدان قوراللانغان بىر ئاتلىق ھەمراھقا يولۇقۇپ قالدىم. يېرىم يولغا بارغىنىمىزدا ئالدىمىزدىن ئاتلىق ئوغرى چىقىپ قالدى ۋە شېرىكىم بىلەن قىلىچلىشىپ كەتتى. كۆپ ئېلىشقاندىن كېيىن، ئوغرى ھەمراھىمنى ئۆلتۈرۈپ قويدى، ئاندىن ئۇ ماڭا قىلىچ شىلتىشكە باشلىدى.

ـــ مەن ساڭا قارشى قول كۆتۈرمىسەم، نېمىشقا ماڭا تىغ كۆتۈرىسەن؟ ساڭا نېمە كېرەك؟ ـــ دېدىم ئۇنىڭغا.

ئۇ گەپلىرىمنى ئاڭلاپ، ئېلىپ ماڭغان ھەممە

مېلىمنى ئالدى، ئاندىن پۇت ـ قولۇمنى باغلاپ قويۇپ، مېنى شۇ يەرگە تاشلاپ كېتىپ قالدى. مەن كەچكىچە ئاچ ـ يالىڭاچ ئاشۇ سەھرادا ياتتىم. كېچىسى بىر ئىلاج قىلىپ پۇت ـ قولۇمنى بوشىتىۋالدىم ـ دە، يولغا چۈشتۇم. خېلى ماڭغىنىمدىن كېيىن يىراق بىر يەردە چىراغ يورۇقى كۆرۈندى. شۇ تەرەپكە قاراپ ماڭدىم ۋە بىر ئازدىن كېيىن بىر چېدىر ئالدىغا بېرىپ قالدىم. چېدىرغا كىرىپ قارىسام بىر ئادەم بىر ئايال بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. ھېلىقى ئادەم مېنى كۆرۈپلا ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى ۋە قىلىچ كۆتۈردى. ئۇنىڭغا كۆپ يالۋۇردۇم، لېكىن ئۇ نىيىتىدىن يانمىدى. ھېلىقى ئايال «بۇ ئادەمنى مېنىڭ ئالدىمدا ئۆلتۈرمە» دەپ نالە قىلىپ تۇرۇۋالدى. ئۇ ئادەم دەسلەپتە ئۇنىڭ زارىغا قۇلاق سالمىدى، مەن ھېلىقى ئادەمگە دىققەت قىلىپ قارىسام، مېنى ئاشۇ چۆلدە باغلاپ قويۇپ، ماللىرىمنى بۇلاپ كەتكەن مۇتتەھەم ئىكەن. ئۇ مېنى تاشقىرىغا ئېلىپ چىقتى ۋە بىر ياراڭلىقنىڭ ئاستىغا ئېلىپ چۈشتى. مېنى بوغۇزلىۋېتىش ئۈچۈن تەييارلاندى. شۇ ئارىدا بىردىنلا شىرنىڭ ھۆركىرىگەن ئاۋازى ئەتراپنى بىر ئالدى. ئوغرى قىلىچىنى تاشلاپ قاچتى، ئۇنى كۆرگەن شىر ئارقىسىدىن قوغلاپ كەتتى.

## ئوغرىلارنىڭ ھىيلىسى

غۇلام ئىبنى ئىمان ھېكايە قىلىدۇ: بەسرىنىڭ بۇللا

دېگەن يېرىدە بىر سودىگەرنىڭ ئائىلىسىدە ئىشلەيتتىم. بىر كۈنى بەش يۈز دىنار پۇلنى بىر خالتىغا سېلىپ، قوينۇمغا تىقىپ كېمىگە چۈشۈپ، بۇللاغا قاراپ يولغا چۈشتۇم. كېمىگە چىققاندىن كېيىن، پۇل سېلىنغان خالتىنى قوينۇمدىن ئېلىپ ئالدىمغا قويدۇم. شۇئاندا كېمە ئەمدىلا ئورنىدىن قوزغىلىشقا تەمشەلگەنىدى، قىرغاقتا قىرائەت قىلىپ، قۇرئان تىلاۋەت قىلىۋاتقان بىر ئەما ئادەمگە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. ئۇ شۇنچىلىك يېقىملىق قىرائەت قىلاتتىكى، كېمە ھەيدىگۈچى ئىختىيارسىز كېمىسىنى توختاتتى. كېمىچى بىلەن ئىككىمىز ئۇنىڭغا قارىغىنىمىزچە تىكىلىپ تۇرۇپلا قالدۇق. ئەما كىشى كېمىچىگە يالۋۇرۇپ، ئاۋاتراق بىرەر جايغا ئاپىرىپ قويۇشنى ئىلتىجا قىلدى. كېمىچى ئۇنىڭ ئىلتىجاسىنى رەت قىلىپ، دىلىغا ئازار بەردى. مەن كېمىچىگە كايىپ:

— بىر قېرىپ قالغان ئاجىز ھاپىزنى نېمىشقا رەنجىتىسەن؟ ئۇنى كېمەڭگە سېلىۋالساڭ نېمە بولىدۇ؟ — دېدىم.

شۇنىڭدىن كېيىن، كېمىچى ھېلىقى ئەما كىشىنى كېمىسىگە چىقىرىۋالدى. ھاپىز بىز تاكى ئاخىرقى مەنزىلىمىزگە يېتىپ بارغۇچە قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ باردى. مەن ئۇنىڭغا مەھلىيا بولۇپلا كېتىپتىمەن. بۇللاغا يېقىن قالغاندا ئۇ ئەما كىشى شۇ جايدا چۈشۈرۈپ

قويۇشنى ئىلتىماس قىلدى. شۇ چاغدىلا، پۇل خالتىسى يادىمغا كېلىپ قارىسام، ئۇ خالتا ھېچ يەردە كۆرۈنمەيدۇ.

«ۋاي پۇل خالتام كۆرۈنمەيدىغۇ!» دەپ ۋارقىراپ — جارقىرىدىم.

كېمىچى مېنى ئەيىبلەپ كەتتى:

— مەنمۇ ساڭا ئوخشاش مۇشۇ كېمىدە تۇرسام، يولدا بىرەر يەردە توختاپ كېمىدىن چۈشمىگەن تۇرسام، ئۇ خالتاڭنىڭ يوقالغىنىنى مەن نەدىن بىلەي؟!

ھاپىزمۇ زارلاندى، قەسەم ئىچتى. قىسقىسى، ئۇ ئىككىيلەن مېنى زاڭلىق قىلىشتى ۋە ئەيىبلەپ كېتىشتى. مەن بولسام خالتىنىڭ قانداق يوقالغىنىنى ھېچ بىلمىدىم. مۇبادا ئاشۇ ئىككىيلەننىڭ بىرى بولغان تەقدىردىمۇ نەرگە يوشۇرىدۇ؟ ئاخىر ئويلاپ، بۇ ئىككىيلەننىڭ ئۇنداق يامان غەرەزلىك ئەمەسلىكىگە ئۆزۈمچە ئىشەنچ ھاسىل قىلىپ:

خۇدايىتائالا بۇ مال ـ دۇنيانى ماڭا راۋا كۆرمىگەن ئوخشايدۇ، مېنى ئەندىشە ۋە موھتاجلىقتا كۈن كەچۈرۈشكە مۇپتىلا قىلغان بولسا كېرەك. ئەمدى بالا — چاقام غۇربەتچىلىكتە ئۆتىدىغان بولدى. يۇرتنى تەرك ئېتىپ بېشىم قايغان تەرەپكە مېڭىشقا مەجبۇر بولدۇم، دېگەنلەرنى ئويلىدىم. ئۆيۈمگە بارماي، باشقا بىر يەردە قونۇپ قېلىشقا ۋە ئەتىسى ناماز بامداتتىن كېيىن باشقا يۇرتلارغا كېتىشكە نىيەت قىلدىم.

قىسقىسى كۆڭلۈمدە دەرد ـ ئەلەم، كۆزۈمدە ياش كېتىپ باراتتىم. يولدا بىر يولۇچىغا يولۇقۇپ قالدىم. ئۇ مېنىڭ غەمكىن ئەھۋالىمنى كۆرۈپ، نېمە بولغانلىقىمنى سورىدى. ئۇنىڭغا بولغان ئىشنىڭ ھەممىسىنى دېدىم.

—— قورقما، مەن ساڭا يول كۆرسىتىپ بېرەي، پۇلۇڭنى تېپىۋالىسەن. سەن ھازىر بازارغا بېرىپ بىر دەستە ئاق نان ئال ۋە ئۇبدان تائاملاردىن بىرنەچچە قاچا ئال. ئاندىن ئۇدۇل زىندانغا بېرىپ، «مېنى قاماپ قويۇڭلار» دەپ ئىلتىماس قىل. زىندانغا كىرگەندىن كېيىن، زىنداننىڭ تۆرىدە ئەبۇبەكرى نۇئاس دېگەن بىر ئادەم بار. شۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ، ئالغان نان، تائاملىرىڭنى ئۇنىڭ ئالدىغا قوي، تاماقنى يەپ، دۇئا ـ فاتىھە قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئالدىڭغا كېلىدۇ ۋە «مېنىڭ نېمە ئىش قىلىپ بېرىشىمنى تەلەپ قىلىسەن؟» دەپ سورايدۇ. شۇ چاغدا ئۇنىڭغا دەردىڭنى تولۇق ئېيت. پۇلۇڭنى ئاشۇ ئەبۇبەكرى نۇئاس تېپىپ بېرىدۇ، —— دېدى.

بازارغا بېرىپ، ئاشۇ يولۇچى دېگەن نەرسىلەرنى ئالدىم. ئاندىن زىندان بار جايغا بېرىپ، زىندان باشلىقىغا ئىلتىماس قىلدىم. زىندان باشلىقى كۆپ ئويلانمايلا مېنى زىندانغا قوبۇل قىلدى. مەن ئېلىپ كىرگەن نەرسىلىرىمنى ھېلىقى ئەبۇبەكرى نۇئاس دېگەن ئادەمنىڭ ئالدىغا قويدۇم. ئۇ تائامنى يەپ بولغاندىن

كېيىن، بېشىمدىن ئۆتكەن كەچمىشلىرىمنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەردىم.

— بۇ يەردىن چىقىپ، بەنى ھەلال قەبىلىسىنىڭ يۇرتىغا بار. ئۇ يەردىن پالانى دەرۋازىدىن كىرىپ، پالانى مەھەللىنىڭ بىر چېتىدىكى پالانى ھويلىغا كىر. ھويلىدا تۆت تەرىپى بورا بىلەن ئورالغان تۆت سۇپا بار. تاملىرىغا قوزۇق قېقىلغان. ئۇ قوزۇقلارنىڭ بىرىگە چىراغ ئېسىلغان. سەن چاپىنىڭنى سېلىپ بىر قوزۇققا ئىلىپ قوي، ئاندىن بىر بۇلۇڭغا بېرىپ ئولتۇر. ھايال ئۆتمەي بىر توپ ئادەم كىرىشىدۇ. ئۇلارمۇ چاپانلىرىنى يېشىپ، يېنىڭغا كېلىپ ئولتۇرۇشىدۇ. كېيىن شۇنىڭ بىلەن ئۇلار شاراب ئىچىشىدۇ. سەنمۇ ئۇلارغا قوشۇل. بىر مەھەلدىن كېيىن، قولۇڭغا قەدەھنى ئېلىپ: «ھەممەيلەن شاد ـ خۇرام بولغاي. ئەبۇ بەكرى نۇئاسىنىڭ تېنى سالامەت ۋە ئامان بولغاي» دېگىن. ئۇلار مېنىڭ نامىمنى ئاڭلاشلىرى بىلەن چۆچۈپ كېتىشىدۇ، كېيىن ئۇلار بىر ئاز ھوشلىرىنى يىغىۋېلىشىپ، مېنىڭ شەنىمگە مەدھىيە ئوقۇشىدۇ، كېيىن: «نېمە، ئۇمۇ سېنىڭ ئەھۋالىڭغا چۈشۈپ قالدىمۇ؟» دەپ سورىشىدۇ. سەن: «ھەئە، شۇنداق بولۇپ قالدى» دەپ جاۋاب بەر. كېيىن: «سىزلەرگە دۇئا يوللاش بىلەن بىرگە سىلەر ئۆتكەن كۈنى كەچ ئوغرىلىغان خالتىدىكى پۇل مېنىڭ تۇغقىنىمغا تەۋە پۇل ئىدى دېگىن» دېدى.

مەن زىنداندىن چىقىپ، ئەبۇبەكرى نۇئاسىنىڭ دىگىنىنى قىلدىم. ئۇلار بىللە تاماق يەپ، شاراب ئىچتىم. شۇ تەرىقىدە بىرنەچچە كۈن ئۆتتى. بىر كۈنى ئادەتتىكىدەك شاراب ئىچىشىپ ئولتۇرۇپ: «ئەبۇبەكرى نۇئاسىنىڭ ئامان ـ ئېسەن، سالامەتلىكىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىدىن خۇشال بولغايسىلەر!» دېدىم. بۇ ئادەملەر ئۇنىڭ نامىنى ئاڭلاش بىلەن ھەممىسى دېگۈدەك ئورۇنلىرىدىن چۆچۈشكەن ھالدا تۇرۇشۇپ كەتتى ۋە «ئۇ زات بىزگە ئۇستاز ۋە يولباشچى بولىدۇ. بىز ئۇنىڭ ئۈچۈن جېنىمىزنى پىدا قىلىمىز»، دەپ چۇرقىراشتى. ئەبۇبەكرى نۇئاسىنىڭ سالامىنى يەتكۈزدۈم ھەم پۇلۇمنى تەلەپ قىلدىم. ئۇلاردىن بىرى دەل شۇ پەيتتە خالتامنى ئېلىپ، ئالدىمغا قويدى. مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ:

— بار ـ يوقۇم مۇشۇنچىلىك ئىدى. رەھمەت سىلەرگە! لېكىن بىر ئىلتىماسىم بار، دېسەم بولامدۇ؟

— دېگىن، — دېيىشتى ئۇلار.

— خالتا قانداق قىلىپ سىلەرنىڭ قولۇڭلارغا چۈشۈپ قالدى؟ — دەپ سورىدىم.

ئۇلار بىرەر سائەتچە ھەرخىل باھانە ـ سەۋەبلەر قىلىپ جاۋاب بەرگىسى كەلمەي تۇرۇشتى. ئاخىرى ئۇلاردىن بىرى مەندىن سورىدى:

— مېنى تونۇدىڭمۇ؟

تازا دىققەت قىلىپ قارىسام ھېلىقى قىرائەت قىلىپ

تىرىكچىلىك قىلغان قارىغۇنىڭ دەل ئۆزى ئىكەن. باشقىلىرىغىمۇ سەپسىلىپ قارىسام، ھېلىقى كېمىچىمۇ شۇ يەردە ئولتۇرىدۇ .

— مانا بۇ كور، — دېدى ئۇ ماڭا، — تىلاۋەت قىلىپ، سىنى قايمۇقتۇرۇپ تۇردى، مەن سەزدۈرمەي خالتاڭنى ئېلىپ دەجلە دەرياسىغا تاشلىۋەتتىم. بىزنىڭ غەۋۋاس ھەمراھلىرىمىز ئۇنى دەريا تەكتىدىن سۈزۈپ ئېلىپ چىقتى. بۈگۈن بۇنى تەقسىملەيدىغان كۈنىمىز ئىدى. بەختكە قارشى ئۇستازنىڭ ئەمر - پەرمانى كېلىپ قالدى.

## تۆت سەيياھ

بۇنىڭدىن خېلى ئۇزۇن زامان بۇرۇن تۆت دوست سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. ئۇلارنىڭ بىرى شاھزادە، ئىككىنچىسى ۋەزىر زادە، ئۈچىنچىسى سودىگەرنىڭ ئوغلى، تۆتىنچىسى دېھقان بالىسى ئىكەن. ئۇلاردىن بىرى:

— ئالەمدە نېمە گەپ - سۆز بار؟ بىز بۇنى بىلىشىمىز كېرەك، — دەپ سۆز باشلاپتۇ ۋە مۇنۇ سوئالنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ:

— ئاسايىشلىق ۋە پاراغەت قانداق كېلىدۇ؟

— ئالەمنىڭ ئالەم بولمىقى تىرىش - تىكىش

بىلەندۇر، ــــ دېدى دېھقان بالىسى.
ــــ ياق، گەپ تىجارەت ئىلمىنى بىلىشتە، ــــ دەپ ئېتىراز بىلدۈردى سودىگەرنىڭ ئوغلى.
ــــ شەرەپلىك نەسەبكە ئېتىبار قىلىشتا، ــــ دېدى ۋەزىر زادە.
ــــ ھەممە نەرسە پېشانىگە پۈتۈلگىنىچە بولىدۇ، ــــ دېدى شاھزادە.
ئۇلار كەچكىچە شۇ تەرىقىدە تالاش ـ تارتىش قىلىشتى، ئۇچىلىسى دەسلەپتە ئاشۇ سوئالنى چىقارغان دېھقان بالىسىغا يېپىشتى.
ــــ بۇگۈن يەپ ـ ئىچكۈدەك ھېچ نەرسىمىز يوق، سېنىڭ ئېتىقادىڭ بويىچە بولغاندا ھۈنەر ـ كەسىپ ھەممىدىن مۇھىم. قېنى، ئۆز كەسپىڭنىڭ كارامىتىنى كۆرسەت ۋە تاپقان نەرسەڭ بىلەن بىزنى مېھمان قىل، ــــ دېيىشىپتۇ.
شۇ سۆزدىن كېيىن ئۇلار شەھەرگە قايتىپ كىرىپتۇ. ئۇلارنىڭ بىرى دېھقان يىگىتكە پىچىرلاپ:
ــــ بۇنداق بىر چوڭ شەھەردە قانداق تىرىكچىلىك قىلىسەن؟ ــــ دەپتۇ.
دېھقان يىگىت دەرھال چۆلگە بېرىپ بىر كۆتۈرۈم ئوتۇن كۆتۈرۈپ كەپتۇ ۋە ئۇنى بازارغا ئەكىرىپ يېرىم دىنار پۇلغا سېتىپتۇ. ئاندىن شەھەر دەرۋازىسىغا «بىر كۈندە تاپقىنىم يېرىم دىنار بولدى» دەپ يېزىپ قويۇپتۇ.

ئەتىسى نۆۋەت سودىگەرنىڭ ئوغلىغا كەپتۇ. ئۇ ئەتىگەندە شەھەرگە كىرىپ، بازار ئايلىنىپ سودىگەرلەرنىڭ گەپلىرىگە قۇلاق ساپتۇ. كىشىلەر بۈگۈن چوڭ بىر كېمىنىڭ بەندەرى شەھىرىگە كېلىپ توختىغانلىقى، سودىگەرلەر قىممەتباھا ھەرخىل رەختلەرنى ئېلىپ كەلگەنلىكلىرىنى سۆزلىشىپتۇ. سودىگەرنىڭ ئوغلى بەندەر شەھىرىگە قاراپ يۈگۈرۈپتۇ ۋە سودىگەرلەر ئېلىپ كەلگەن نەپىس ماللارنى توپ سېتىۋېلىپ، بازارغا ئېلىپ بېرىپ پارچە سېتىپ مىڭ دىنار پايدا ئاپتۇ. ئۇمۇ شەھەر دەرۋازىسىغا «بىر كۈنلۈك قىلغان سودامدىن مىڭ دىنار پايدا ئالدىم» دەپ يېزىپ قويۇپتۇ، ئاندىن بېرىپ دوستلىرىنى مېھمان قىپتۇ.

نۆۋەت ۋەزىرزادىگە كەپتۇ. ئۇمۇ ئامەت تىلەپ سەھەر ئاتلىنىپتۇ. ئاخىر بىر دوستىنى يولۇقتۇرۇپ قاپتۇ ۋە ئۇنىڭ قولىقىغا بىر نېمىلەرنى دەپ پىچىرلاپتۇ. دوستى ئۇنىڭغا ئەللىك دىرھەم[1] بېرىپتۇ. ۋەزىرزادە شەھەر دەرۋازىسىغا «ئالىي نەسەبلىك ۋە مەرىپەتلىكلىكنىڭ بىر كۈنلۈك باھاسى ئەللىك دىرھەم ئىكەن» دەپ يېزىپ قويۇپتۇ.

نۆۋەت شاھزادىگە كەپتۇ. ئۇ تەۋەككۇل قىلىپ شەھەرگە كىرىپتۇ ۋە شەھەرنى كەچكىچە ئايلىنىپتۇ. توساتتىن چوڭ بىر جېدەل - ماجىرا، داۋۇپەريادنىڭ

[1] دىرھەم — كۈمۈش پۇل — ت.



www.uyghurkitap.com

ئۈستىگە بېرىپ قاپتۇ.

— بۇ پاراكەندىچىلىكنىڭ سەۋەبى نېمە ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ شاھزادە بىر يولۇچىدىن.

— پادىشاھ ھەزرەتلىرى ئالەمدىن ئۆتتى، — دەپتۇ ئۇ، — ئۇنى دەپنە قىلىشقا ھېلىلا مۇشۇ يەردىن ئېلىپ ئۆتىدۇ.

شاھزادىنى بۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ ھېچقايسىسى تونۇمايدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا ھېچكىم ئېتىبار قىلىشماپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھازا تۇتۇپ ئولتۇرۇشقان ئەمىرلەرنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. ئۇلار مەرھۇمنىڭ تەخت ۋارىسىنىڭ يوقلۇقىدىن ئەمدى كىمنى پادىشاھ سايلاشنى بىلىشەلمەي، بېشىنى قېتىشىپ ئولتۇرۇشقانىكەن. ھەر كىم ئۆز نامزاتىنى كۆرسىتىدىكەن. تۇيۇقسىزلا ئۆزلىرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇرغان يىگىتنىڭ پادىشاھزادە ئىكەنلىكىنى سېزىپ قېلىشىپتۇ. بىردەم ئەھۋاللىشىپ ئولتۇرۇش بىلەن بۇ يىگىتنىڭ پالانى پادىشاھنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكى مەلۇم بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر بولۇپ ئۇ يىگىتنى شاھلىق تاج ـ تەخت بىلەن بېزەپتۇ، شۇنىڭدىن كېيىن، پادىشاھزادە ھېلىقى ئۈچ دوستىنى تاپتۇرۇپ كەپتۇ. ۋەزىرزادىنى ـ ۋەزىرلىك لاۋازىمىتىگە، سودىگەرنىڭ ئوغلىنى باش مىرزىلىققا بەلگىلەپتۇ. دېھقان يىگىتنى ئادەتتىكى بىر كىچىك ئەمەلگە قويۇپتۇ. پادىشاھزادە

شەھەر دەرۋازىسىغا «بىر كۈنۈمنىڭ بەرگەن پايدىسى پادىشاھنىڭ قازا قىلىشى بولدى» دەپ يېزىپ قويۇپتۇ.

## خۇپىيانە ئوغرى

ھارۇن رەشىد زامانىدا ئەھۋاز دېگەن يۇرتتا ئوغرى كۆپىيىپ كېتىپ، ئۇلارنىڭ دەستىدىن پۇقرالار كۆپ ئازار چېكىپتۇ. كۆپلىگەن كىشىلەر ئۆلتۈرۈلۈپتۇ. بۇنى ھارۇن رەشىدكە خەۋەر قىلىشىپتۇ. خەلىپە ئۇلارغا قارشى ئەمىر مەسرۇرخام باشچىلىقىدا ئەسكەر ئەۋەتىپتۇ ۋە ئەمىر مەسرۇرگە ئوغرىلارنىڭ ھەممىسىنى تۇتۇپ، بېشىنى ئېلىشنى ۋە باغدادقا ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. يەنە ئۇلاردىن ئېھتىيات قىلىش ۋە ھەر قونالغۇدا كېسىلگەن باشلارنى ساناپ – تەكشۈرۈپ تۇرۇشنى تاپىلاپتۇ. ئەمىر مەسرۇر خەلىپىنىڭ دېگەنلىرىنى ئاشۇرۇپ ئورۇنداپ قايتىپتۇ. كېسىلگەن باشلارنى قاپقا سېلىپ، ئاغزىنى مەھكەم باغلىتىپ، باغدادقا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار كەچقۇرۇن بىر ئۆتەڭگە كېلىپ چۈشۈپتۇ. ئەمىر قاپنى ئاچتۇرۇپ، كېسىلگەن باشلارنى سانىتىپتۇ. ھەممىسى تولۇق ئىكەن. ئەتىسى ئەتىگەن يولغا چىقىشتىن بۇرۇن يەنە قاپلارنىڭ ئاغزىنى ئاچتۇرۇپ سانىسا بىر باش كەم چىقىپتۇ. بۇ ئەھۋالدىن ھەممەيلەن قورقۇپ، ھەيران بولۇشۇپتۇ. شۇ ئارىلىقتا ئۇدۇل تەرەپتىن ئېشەك مىنگەن

بىر بوۋاي چىقىپتۇ. ئۇنىڭ قولىدا «قۇرئان» ۋە كۆزلىرىنى يۇمغىنىچە تىلاۋەت قىلىپ كېتىۋاتقانىكەن. ئۇنىڭ بىلەن سالام ـ سەھەتتىن كېيىن ئەمىر مەسرۇر ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

—ئۆزۈڭ كىم بولىسەن؟ نەگە كېتىۋاتىسەن؟

— ھاجى ۋە ھاپىز بولىمەن، بېشىم قايغان تەرەپكە كېتىۋاتىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بوۋاي.

ئەمىر مەسرۇر يېقىن ئادەملىرىگە: «مەن بۇ ئادەمگە ئىشەنمەيۋاتىمەن. بۇنى تۇتۇڭلار ۋە بېشىنى كېسىپ، ھېلىقى يوقالغان باشنىڭ ئورنىغا قاپقا سېلىڭلار!» دەپتۇ. مۇلازىملار ئەمىرنىڭ پەرمانىنى ئىجرا قىپتۇ.

يەنە بىر مەنزىلگە كېلىپ، قاپتىكى كاللىلارنى سانىسا، يەنە بىر باش كەم تۇرغۇدەك. ھەممەيلەن ھەيران بولۇشۇپتۇ. ئەتىسى ئۇلار يولدا بىر ئايال كىشىنى ئۇچرىتىپ قاپتۇ. ئەمىر مەسرۇرنىڭ پەرمانى بىلەن ئۇنىڭمۇ بېشىنى كېسىپ قاپقا سېلىپ، يوقالغان كاللىنىڭ ئورنىنى توشتۇرۇپتۇ.

ئۇلار باغدادقا كەلگەندىن كېيىن قاپنى ئېچىپ سانىسا، كېسىلگەن باشلار قىرىق بىر بولۇپ قاپتۇ. ئەمىر مەسرۇر بۇنى بىر سىرلىق ھادىسىگە، ئاشۇ بىرىنچى قېتىم ئۇچرىغان بوۋاينىڭ بىرەر سېھىر قىلغىنىغا جورۇپتۇ.

سارايغا بېرىپ بولغان ۋەقەنى خەلىپىگە سۆزلەپ

بېرىپتۇ.

— باشقىلاردىن كۆرە، — دەپتۇ خەلىپە، — ھېلىقى بوۋاينىڭ بېشى كېسىلگەنلىكىدىن خۇشالمەن. چۈنكى باشقىلار ئوچۇق ـ ئاشكارا ئوغرىلىق قىلسا، بوۋاي ئۆمۈر بويى خۇپىيانە ئوغرىلىق قىلىپ كەلگەن.

مەن بوۋام ئوقۇپ بەرگەن چۆچەكلەرنى ئاڭلاپ يېتىپ ئۇخلاپ قاپتىمەن. بىر چاغدا مومامنىڭ ئويغىتىشى بىلەن ئورنۇمدىن تۇردۇم ۋە يۈز ـ قولۇمنى يۇيۇپ داستىخان يېنىغا كەلدىم. بوۋام ماڭا قاراپ شۇنداق بىر چىرايلىق كۈلۈپ تۇرۇپ:

— بۇ چۆچەكلەرنىڭ ياخشىلىقىدىن تەكرار ئوقۇدۇم. ئۇ كىتابنى سىزگە بېرەي، بالام، ئۆيىڭىزگە بارغاندا ئانىڭىز ئوقۇپ بەرسۇن، — دېدى.

— رەھمەت بوۋا، ئەمدى ھەر كۈنى ئانام ئوقۇپ بەرگەن چۆچەكنى ئاڭلاپ ئۇخلايدىغان بولدۇم، — دېدىم ئۇنىڭغا ئەركىلەپ.

قوشۇمچە:

# مومامنىڭ چۆچەكلىرى ــــ

## «بەختى قارا» قىز

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ بىرمۇ پەرزەنتى يوق ئىكەن. پادىشاھ پەرزەنت كۆرۈشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىدىكەن. ئاي ئۆتۈپتۇ، يىل ئۆتۈپتۇ، كۈنلەرنىڭ بىر كۈنىدە پادىشاھنىڭ تەلىپى ئىجابەت بولۇپ بىر قىز پەرزەنتكە ئاتا بوپتۇ. قىزنى بەكمۇ ئەتىۋارلاپ، ئىززەتلەپ چوڭ قىلىپتۇ. مەلىكىمۇ ناھايىتى زېرەك، ئەقىللىق چوڭ بولۇپتۇ. پادىشاھ بۇ قىزنى موللىدا ئوقۇتماقچى بولۇپ، موللىنى ئۆيىگە چاقىرتىپتۇ. قىز ئۇستازىغا دەسلەپتىكى كۈنى ئەسسالام دەپ سالامغا كىرگىنىدە موللام:

ــــ كېلىڭ بەختى قارا قىزىم، ــــ دەپ جاۋاب قايتۇرۇپتۇ. مەلىكە ھەر كۈنى ساۋاق ئالغىلى كىرسە شۇ جاۋاب بىلەنلا كۈتۈۋاپتۇ. قىز كۈندىن ـ كۈنگە ياداپ سارغىيىپ، مىسكىنلىشىپ كېتىپتۇ. خانىش بىر كۈنى

قىزنىڭ ئەھۋالىنىڭ ناھايىتى يامانلىقىنى كۆرۈپ:
— نېمە بولدىڭىز، قىزىم؟ — دەپ سوراپتۇ. قىز:
— ئۇستازىم ھەر كۈنى «كېلىڭ بەختى قارا قىزىم» دەپ قارشى ئالىدۇ. بۇ نېمىدېگەن گەپ، مەن پەقەت چۈشىنەلمىدىم. شۇڭا بۇ سۆزنى تولا ئويلاپ ياداپ سارغىيىپ كېتىپ بارىمەن، — دەپتۇ. خانىش بۇ ئەھۋالنى پادىشاھقا دەپتۇ. ئۇلار قىزنىڭ ئۇستازىنى چاقىرىپ سوراپ باقماقچى بولۇشۇپتۇ. بىر كۈنى شاھ ھېلىقى موللامنى ئۆيىگە چاقىرىپ:
— سىز مېنىڭ قىزىمغا ھەر كۈنى «كېلىڭ بەختى قارا قىزىم» دەيدىكەنسىز، مېنىڭ بۇ دۇنيالىقتا ئەتىۋارلىق بىر قىزىمغا شۇنداق دېيىشكە نېمە ھەددىڭىز! — دەپتۇ. موللام پادىشاھقا:
— بۇ گۈزەل قىزنىڭ نىكاھى بىر ئۆلۈككە پۈتۈلۈپتۇ. پال ئېچىپ كۆرسەم شۇنداق چىقتى. شۇڭا ئاشۇنداق دېگىنىم ئىدى، — دەپتۇ.
پادىشاھ بۇ گەپنى ئاڭلاپ: «مېنىڭ بۇ ساھىبجامال قىزىم بىر ئۆلۈككە نىكاھلىق بولسا قانداق بولغىنى، بۇنىڭغا بىر چارە تاپاي» دەپ شەھەرنى بىر ۋەزىرگە تاشلاپ بېرىپ، ئۆيىنى كۆچۈرۈپ چىقىپ كېتىپتۇ.
ئۇلار يول يۈرۈپ ھېرىپ كېتىپ بىر تاغقا كەلگەندە شۇ يەردە قونۇپ قاپتۇ. پادىشاھ بىلەن ئايالى ئۇخلاپ كېتىپتۇ. قىزنىڭ ئۇيقۇسى كەلمەي، تاغنى ئارىلاپ

مىڭىپ يۈرۈپ، بىر ھەيۋەتلىك دەرۋازا بار يەرگە كېلىپ قاپتۇ. قىز بۇ ئۆيگە كىرىپ باقاي، ئىچى قانداقراق ئىكەن؟ دەپ قەدىمىنى ئېلىشىغىلا ئىشىك ئېتىلىپ قاپتۇ. بۇ ئۆي قىرىق بىر ئۆي بولۇپ، ھەممىسى ئوخشاشلا جابدۇلغان. بەك گۈزەل، ھەشەمەتلىك سارايلاردىن تەركىب تاپقانىكەن. قىز ھەممە ئۆيگە كىرسە بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەپتۇ. ئاخىرى قىرىقىنچى ئۆيگىچە كىرىپ يېنىپ چىقىپتۇ. بىر ئۆي قالغاندا ئۇنىڭغا كىرمەپتۇ. قىز بىر ئاماللارنى قىلىپ چوڭ دەرۋازىدىن چىقىپ ئانىسىغا كۆرگەنلىرىنى بايان قىلىپ:

— ئەي ئانا، مەن تاغ ئارىلاپ بىر يەرگە بارسام بەك گۈزەل بىر ئۆي بار ئىكەن. كىرسەم ئۇ ئۆي قىرىق بىر ئۆي ئىكەن. ھەممىسىگە كىرسەم ئوخشاشلا بېزەلگەن، ئادەم يوق ئىكەن. ئاخىرى بىر ئۆي قالغاندا كىرمەي يېنىپ چىقتىم، — دەپتۇ. ئانىسى:

— قىزىم ئاخىرقى ئۆيگە كىرمەپسەن، شۇ ئۆيدە ئۆينىڭ ئىگىسى بولۇشى مۇمكىن ئىدى، ئىككىمىز كىرىپ باقايلى، — دەپ چوڭ دەرۋازا ئالدىغا كەپتۇ. دەرۋازىدىن قىز كىرىشىگىلا ئىشىك ئېتىلىپ قاپتۇ، ئانىسى كىرەلمەپتۇ، قىز بەك يىغلاپتۇ. نالە - پەرياد چېكىپتۇ. ئاخىرى ئۆزى يالغۇز قىرىق بىرىنچى ئۆيگە كىرىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، ئۈستىۋېشىغا پۈتۈنلەي يىڭنە سانجىلغان بىر يىگىت ياتقۇدەك، قىزنىڭ ئۇنىڭغا بەكمۇ

www.uyghurkitap.com

ئىچى ئاغرىپتۇ. يىگىتنىڭ يېنىدا بىر كىتاب ئېچىقلىق بولۇپ، قىز بىرىپ كىتابنى ۋاراقلاپ كۆرسە، قىرىق بىر كېچە ـ كۈندۈز يەلپۈپ ئولتۇرسا، بۇ يىگىت ئويغىنىدۇ دېگەن گەپ بار ئىكەن. ئەسلىدە ئۇ يىگىتكە بىر جادۇگەر موماي قەست قىلىپ، ئەپسۇن ئوقۇپ شۇ هالغا كەلتۈرۈپ قويغانىكەن. مەلىكە ئۇ يىگىتكە تەپسىلىي سەپسىلىپ چىقىپ يىگىتنى ئېلىپ تاشلاپ، ئۇنى شۇ كۈندىن باشلاپ يەلپۈشكە باشلاپتۇ ۋە يىگىتكە ئاشىق بوپتۇ. يىگىتنى هاردىم ـ تالدىم دېمەي كېچە ـ كۈندۈز تەرلەپ پىشىپ يەلپۈپ ئوتتۇز سەككىز كۈننى ئۆتكۈزۈپتۇ. بۇ جەرياندا قىزنىڭ چاچلىرى چۇۋۇلۇپ، كىيىملىرىنى كىر بېسىپتۇ. ئوتتۇز توققۇزىنچى كۈنىگە كەلگەندە يىگىتنى يەلپۈپ ئولتۇرسا ئىشىكتىن هەق دوست دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ، قىز يۈگۈرۈپ چىقسا تەلەتى سەت بىر تاز قىز ئىكەن. قىز يىگىتنىڭ هۇجرىسىدىن بىر كاللەك ئالتۇن ئەپچىقىپ بېرىپتۇ. بىراق نېمە ئۈچۈندۇر، بۇ تاز قىزنى بىر كۈن ئىشقا سېلىپ ئۆز ئىشىنى قىلدۇۋالماق بولۇپتۇ ـ دە، ئىشىكنى مىڭ بىر جاپادا ئېچىپ قىزنى ئۆيگە باشلاپ كىرىپ:

— يىگىتنى بىر كۈن يەلپۈپ تۇرۇڭ. مەن بېشىمنى تاراپ، كىيىملىرىمنى يۇيۇۋالاي، — دەپتۇ. هېلىقى تاز قىز ئۇنى يەلپۈپ قىرىقىنچى كۈنى كەچتە يىگىت ئەسلىگە كەپتۇ. ئورنىدىن تۇرۇپ هېلىقى تاز

قىزغا كۆپتىن ـ كۆپ رەھمەت ئېيتىپ:
— سىز مېنى قۇتقازدىڭىز، سىز مېنىڭ شەپقەتچىم، — دەپ تاز قىزغا مېھرىبانلىق كۆرسىتىپ، ئۆزىنى ئوتتۇز سەككىز كېچە ـ كۈندۈز يەلپۈپ ئولتۇرغان ساھىبجامال، گۈزەل، پادىشاھنىڭ مەلىكىسى بىلەن كارى بولماپتۇ. تاز بىلەن كۆڭۈل ئېچىپ كۇلۇشۇپ، كۆڭلىرىنى خۇشال ئۆتكۈزۈپتۇ. پادىشاھنىڭ قىزى بۇ ئىككىسىنىڭ خىزمىتىنى قىلىدىغان بىر چاكار بولۇپ قاپتۇ. قىز ئۇلارنىڭ قىلىقىدىن ئازابلىنىپ يىغلاپ، قاقشاپ يۈرۈپتۇ. بىچارە قىز دەرد ۋە ئازابنى يوقىتىشنىڭ ئامالىنى ئىزلەپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، شاھزادە بازارغا بارماقچى بولۇپ تاز قىزغا:
— بازاردىن سىزگە نېمە ئالغاچ كېلىمەن؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۇ تاز قىز:
— چىرايلىق كىيىم ۋە پەرداز بۇيۇملىرى، — دەپ بۇيرۇپتۇ. شاھزادە خىزمىتىنى قىلىۋاتقان مەلىكىنى خۇش بولۇپ قالسۇن دەپ:
— سىزگە نېمە كېرەك؟ — دەپ سوراپتۇ. قىز يىگىتكە يىغلامسىراپ قاراپ:
— ماڭا، «سەڭگى ساپا تاش» ئالغاچ كېلىڭ، — دەپتۇ.
يىگىت بۇ تاش دېگەننى يولدىن تېپىۋالىمەن دەپ ئويلاپ يولغا راۋان بوپتۇ. بازاردىن ھېلىقى تاز قىزنىڭ

بۇيرۇغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى تولۇق سېتىۋاپتۇ. ئاخىرى خىزمەتكار قىزنىڭ سودىسىنى قىلىش ئۈچۈن تاشنى ئىزلەپتۇ. مىڭ بىر جاپادا تېپىپ، قىممەت باھادا ئېلىپ كەپتۇ. بازاردىن قايتىپ كەلگەن يىگىتنى كۆرگەن ھەر ئىككى قىز خۇشاللىقتا چۆمۈپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپ، ئايلار ئۆتۈپ شاھزادە قىزنىڭ يىغلىغان ئۈنىنى ئاڭلاپ قاپتۇ. كىمدۇ بۇ نالە ـ پەرياد قىلىۋاتقان، دەپ دالاندىن ئۆيگە قۇلاق سالغىنىدا، شاھ قىزى تاشقا دادلاپ، ئۆزىنىڭ يىگىتكە ئاشىقلىقىنى، يىگىتنى ئوتتۇز سەككىز كېچە ـ كۈندۈز يەلپۈپ ئولتۇرۇپ ئۈچ كۈن قالغاندا تازنى يەلپۈپ تۇرۇشقا ئەكىرگەنلىكىنى، قىرىقىنچى كۈنى شاھزادىنىڭ ئويغىنىپ، ئەجىر ھېسابلاشماي، تاز قىزغا مايىل بولغانلىقىنى ئېيتىپ يىغلاپ ئولتۇرغۇدەك. ھەتتا يىگىتنى دەپ ئۆزىنىڭ مەينەت بېسىپ كەتكەنلىكىنى، يىگىت ئۈچۈن جان تەسەددۇق قىلغىنىنى، ھالا بۇگۈنگە كەلگەندە، ناھەق تۆپەيلى مەلىكىگە ئازار يەتكەنلىكىنى بايان قىلىپ قوشاق قېتىپ، زار ـ زار ھۆكرەپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ شاھزادە يىگىتنىڭ يۈرىكى ئېرىپ قىزغا ئىچ ئاغرىتىپتۇ. ئاخىرى ئۇ ئۆزىنى قۇتۇلدۇرغان پادىشاھنىڭ قىزى ــ گۈزەل مەلىكىدىن ئەپۇ سوراپ ئۆمۈرلۈك ئەر ـ خوتۇن بولۇپ ئۆتۈپتۇ. شۇندىن كېيىن ئۇلارنىڭ كۈنلىرى كۆڭۈللۈك،



www.uyghurkitap.com

بەختلىك ئۆتۈپتۇ[1].

## خوش ـ خوش

بىر دېھقاننىڭ ئىككى ئوغلى بولۇپ، چوڭىنىڭ ئىسمى ھەسەن، كىچىكىنىڭ ئىسمى ھۈسەن ئىكەن. دېھقان چوڭ ئوغلىنى ئۆيلەپ، كىچىكىنى ئۆيلەشكە پىلان تۈزۈۋاتقان ۋاقىتتا، تۇيۇقسىز كېسەل بولۇپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

ھەسەن ئىنىسى ھۈسەنگە ئاتا ئورنىدا غەمخورلۇق قىلىشنى ئېسىدىن چىقارماپتۇ. ئۇ ئىنىسىنى ئۆيلەپ قويۇش ئۈچۈن، بىر شىرەم تۇغقىنىنىڭ قىزىغا ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. ئەلچىلەر قايتىپ كېلىپ:

— ئاتا ـ ئانىسى قوشۇلدى. ئاكا ـ ئۇكا ئىككىڭلارنى سالامغا كەلسۇن دەيدۇ، — دەپتۇ.

ئاكا ـ ئۇكا ئىككىسى دەرھال جابدۇنۇپ، قىزنىڭ ئۆيىگە قاراپ مېڭىپتۇ، شەھەرگە يېقىن كەلگەندە ئاكىسى ئۇكىسىغا:

— ئالدىڭغا تائام ياكى باشقا يەل ـ يېمىشلەر كەلگەندە «خوش ـ خوش» دەپ يەرەك يېگىن. ئۆيدىكى ئاچ كۆزلۈكۈڭنى قىلما، بولمىسا ئۇلار «قائىدە ئۇقمايدىكەن»

---

[1] «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى، 1992 ـ يىل 1 ـ سانىدىن ئېلىندى.
توپلاپ رەتلىگۈچى: تۇرسۇنگۈل ئەمەت

دەپ قالىدۇ، ــــ دەپ نەسىھەت قىلىپتۇ.

ئۇلار ئۆيگە كىرگەندە، قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى قىزغىن قارشى ئېلىپ، تۆرگە تەكلىپ قىلىپتۇ ۋە داستىخان سېلىپ، ھەرخىل نازۇنېمەتلەرنى كەلتۈرۈپتۇ. ھۆسەن ئاكىسىنىڭ نەسىھەتى بويىچە، ئۆي ئىگىلىرى شۇنچە تەكلىپ قىلسىمۇ «خوش ـ خوش»نى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي، نازۇنېمەتلەرگە ئېغىز تەگمەپتۇ. قىزنىڭ ئانىسى كۆڭلىدە: كۆيئوغۇل بولغۇچى بالامنىڭ بۇ نەرسىلەرگە خۇشى يوق ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ، دەرھال تۇتۇش قىلىپ پىتىر مانتا كەلتۈرۈپتۇ. ھۆسەن يەنىلا «خوش ـ خوش» دەپ مانتىغا كۆز قىرىنىمۇ سالماپتۇ. ئۆي ئىگىسى تېخىمۇ جىددىيلىشىپ قاپتۇ ـ دە، ئوخشىتىپ پولۇ ئېتىپ، قەنت چاي تەييارلاپ، داستىخان ھازىرلاپتۇ. ھۆسەن بۇنىڭغىمۇ ئېغىز تەگكۈزمەپتۇ، قىزنىڭ ئانىسى ھەيران قالغان بولسىمۇ، ئاخىرى «قورسىقى توق ئوخشايدۇ» دېگەن خۇلاسىگە كېلىپ، ئۇيان ـ بۇيان پاراڭلاشقاندىن كېيىن، ئورۇن سېلىپ، ئاكا ـ ئۇكىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. يېرىم كېچە بولغۇچە ئۇيقۇسى كەلمىگەن ھۆسەن ئاكىسىنى ئويغىتىپ، «قورسىقىم ئېچىپ ئۈچەيلىرىم تارتىشىپ كەتتى» دەپتۇ.

ــــ ئالدىڭغا تائام كەلسە ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ يېمەيسەن، ئەمدى نېمە ئامال، ئۇخلا! ــــ دەپتۇ ئاكىسى دوق قىلىپ.

— ئۆزۈڭ دېگەننى قىلدىم. ھاكاۋۇرلۇق قىلغىنىم يوق، ئەمدى گۇناھنى ماڭا ئارتامسەن؟ — دەپتۇ ھۆسەن يىغلامسىراپ.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ ھەسەن، — ھالۋىنى ھويلىدىكى ئوچاق بېشىدا قويدى. ئاستا چىقىپ قورسىقىڭنى توقلا، — دەپتۇ ئاكىسى.

ھۆسەن پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ، ھويلىغا چىقىپ، ھالۋا بار كوزىغا قولىنى تىقىپ، ھالۋىنى بولۇشىغا قامالالاپ، قولىنى تارتقانىكەن، قولى كوزا ئاغزىدىن پاتماپتۇ.

ھۆسەن ھەرقانچە قىلىپمۇ قولىنى كوزا ئىچىدىن چىقىرالماي كوزىنى كۆتۈرگەن پېتى ئۆيگە كىرىپتۇ.

— ھالۋا يېدىڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئاكىسى.

— يەنە سېنىڭ كاساپىتىڭ. يەنە رەسۋا بولدۇم! — دەپتۇ ھۆسەن كوزىنى ئاكىسىغا كۆرسىتىپ.

— بۇنىڭ ئامالى ئاسان، ھويلىدا بىر كۆتەك بار. چىقىپ كوزىنى كۆتەككە ئۇرغىن، — دەپتۇ ھەسەن.

ھۆسەن ئاكىسىنىڭ دېگىنى بويىچە ھويلىغا چىقىپ قارىغۇدەك بولسا، قاراڭغۇدا چوقچىيىپ تۇرغان بىر نەرسە تۇرغۇدەك. ئاكام دېگەن كۆتەك شۇ ئىكەن، دەپ ئويلاپ، ھېچقانداق شەپە چىقارماي بېرىپ، كوزىنى راسا ئۇرغانىكەن «ۋايجان» دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ، ھۆسەن قورققىنىدىن «جىن كەلدى» دەپ ۋارقىرىغىنىچە ئۆيگە

www.uyghurkitap.com

كىرىپ، بولغان ئەھۋالنى ئاكىسىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئاكىسى ھەيران بولۇپ ھويلىغا چىقىپ قارىغۇدەك بولسا، بىرسى سۇنايلىنىپ ياتقۇدەك. ئاكا ـ ئۇكا ئىككىلىسى ئۇنىڭ «جىن» ئەمەس، بەلكى ھۆسەننىڭ قېينانىسى ئىكەنلىكىنى، سەھەردە ناماز ئوقۇش ئۈچۈن تەرەت ئېلىپ ئولتۇرغاندا بېشىغا كوزا تېگىپ، ئاللىقاچان ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلغانلىقىنى بىلىپتۇ ـ دە، بەدەر قېچىپتۇ.

«ئەقىل ياشتا ئەمەس، باشتا» دېگەن تەمسىل ئەنە شۇلارنىڭ ۋەقەسىدىن كېيىن قالغانمىش[1].

## مەسلىھەتتىن كېيىنكى ئۆلۈم

چەت بىر يېزىدا بىر ئەر ـ خوتۇن ئۆتكەنىكەن. ئېرى جاڭگالدىن ئوتۇن توشۇپ ساتىدىكەن. خوتۇنى بولسا باينىڭ نېنىنى ياقىدىكەن. لېكىن ئۇلار يېلىڭ ـ يالىڭاچ، ئاچ ـ توق ياشايدىكەن.

بىر كۈنى ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى ھال ـ كۈنىنى قانداق قىلىپ ياخشىلاش توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىپتۇ. ئېرى دەپتۇ:

— بىزنىڭ ئىككى بىلىكىمىزدىن باشقا دەسمايىمىز يوق. مۇنداق قارىسام، ئۆيىمىزنىڭ

[1] «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى 1999 ـ يىل 2 ـ سانىدىن ئېلىندى. ئېيتىپ بەرگۈچى: ھاۋاخان، خاتىرىلىگۈچى: غۇنچەم مۇھەممەت

يېنىدىكى چېغىر يولدىن باينىڭ مالچىسى ھەر كۈنى باينىڭ قويلىرىنى جاڭگالغا ھەيدەپ ئۆتكۈزۈپ باقىدۇ. شۇڭا بىز بۇ يىل ئەتىيازدىن باشلاپ، ئاشۇ چېغىر يولنىڭ ئىككى قىرىغا ئاق تىكەن تېرىساق، ئاق تىكەنلەر يولغا گىرەلىشىپ ئۆسۈپ كەتسە، باينىڭ مالچىسى قويلارنى ھەيدەپ ئۆتكۈزگەندە ئۇنىڭ يۇڭلىرىنى تىكەنلەر ئىلىپ قالسا، بىز ئۇنى يىغىپ كىگىز ئەتتۇرسەك، ئۇ كىگىزلەرنى يىغىپ سېتىپ قوي ئالساق، قويلىرىمىز قوزىلاپ ئاينىغاندىن كېيىن، ئۇنى سېتىپ بىر ئات ئالساق، قانداق دەيسىلە؟

ئېرىنىڭ بۇ مەسلىھەتىگە خۇشال بولغان خوتۇنى ئورنىدىن سىلجىپ ئېرىگە تېخىمۇ يېقىنلىشىپتۇ ۋە شۇنداق دەپتۇ:

—— ۋاي ئەر كىشى، ئەقىللىرىگە باركاللا، لېكىنىزە، ئات ئالغاندا بايتال ئالساق، ئۇ تۇغۇپ ئىككى بولسا، ئانىسىنى سىلى مىنسىلە، تېيىنى مەن مىنسەم، شۇنداق قىلىپ، ئىككىمىز ياندىشىپ بازارغا بىللە بارساق.

خوتۇنىنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلىغان ئېرىنىڭ ئەرۋاھى سەكسەن گەز ئۆرلەپ، قۇيقا چېچى تىك بولۇپتۇ ـ دە:

—— ھەي بەڭۋاش دۆت خوتۇن! سەنزە يېڭى تۇغۇلغان تايىنى مىنىپ «زەمبىل بەل» قىلاي دەمسەن؟ —— دەپ، دۆيلۈپ قوپۇپ، خوتۇنىنى يەتكۈچە دۇمبالاپتىكەن، بىچارە

خوتۇن تىن تارتماي ئۆلۈپ قاپتۇ[1].

## ۋاپاسىزلىق

بىر ئادەمنىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئىكەن. ئۆزى قېرىپ ئاجىزلاپ قېلىپ «كۆزۈمنىڭ ئوچۇق چېغىدا مال - مۈلۈكلىرىمنى بالىلىرىمغا مىراس ئايرىپ بېرىۋېتەي» دەپ، ھەممە مال - مۈلۈكلىرىنى ئۈچ ئوغلىغا مىراس ئايرىپ بېرىۋېتىپتۇ. بالىلىرى مىراسنى ئايرىۋالغاندىن كېيىن، ئاتىسى بىلەن كارى بولماپتۇ ۋە ئاتىسىدىن خەۋەر ئالماپتۇ. ئاتىسى بىر كۈن ئاچ، بىر كۈن توق يۈرۈپتۇ. بۇ ئادەم بىر كۈنى بىر يولنىڭ بويىدا ئولتۇرۇپ بالىلىرىنىڭ ۋاپاسىزلىقىدىن رەنجىپ، مال - مۈلۈكلىرىنىڭ ھەممىسىنى بالىلىرىغا مىراس ئايرىپ بېرىۋەتكەنلىكىگە مىڭ بىر پۇشايمان يەپ يىغلاپ ئولتۇرسا، بىر ئادەم يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ بۇ ئادەمدىن:

— نېمە بولدىلا؟ نېمە ئۈچۈن بۇ يەردە يالغۇز ئولتۇرۇپ يىغلايدىلا؟ — دەپ سوراپتۇ.

— نېمە بولاي، بالىلىرىمنىڭ دەردى، بالىلىرىمنىڭ ۋاپاسىزلىقىدىن قاقشاپ خاپا بولۇپ يىغلاپ ئولتۇرىمەن، —

---

[1] «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى 1999 - يىل 2 - سانىدىن ئېلىندى.
ئېيتىپ بەرگۈچى: مەتنىياز ئىمامنىياز، خاتىرىلىگۈچى: موللا توختى ئېلى



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.
بۇ ئادەم يەنە سوراپتۇ:
ــــ بالىلىرى قانداق ۋاپاسىزلىق قىلدى؟
ــــ مەن ئۆلمەي هايات تۇرۇپ مال ـ مۈلۈكلىرىمنىڭ هەممىسىنى ئۈچ بالامغا مىراس ئايرىپ بېرىۋېتىپتىمەن. شۇنىڭدىن كېيىن بالىلىرىمنىڭ مەن بىلەن كارى بولمىدى. مەندىن خەۋەر ئالمىدى. خارلىققا قالدىم، ــــ دەپ هۆڭگىرەك ئېتىپ يىغلاپ كېتىپتۇ.
ــــ «ئىنساپلىق بولسا بالا، ئىنساپلىق بولمىسا ئاتا ـ ئانىغا جاپا» دېگەننى ئاڭلىمىغانمۇ سىلە. ئوبدانىراق ئويلاپ ئىش قىلماي، هايات تۇرۇپ مال ـ مۈلۈكلىرىنىڭ هەممىسىنى بالىلارغا ئۈلەشتۈرۈپ بوپلا. سەۋەنلىك ئۆزلىرىدە ئىكەن. خەير بوپتۇ. بۇ هەقتە مەن سىلىگە بىر مەسلىهەت بېرەي، مۇشۇ بويىچە ئىش قىلسىلا، ــــ دەپتۇ.
ــــ ۋاي سىلىگە رەهمەت. قېنى ئېيتىپ باقسىلا، مەسلىهەتلىرى بويىچە ئىش قىلسام، ماڭا مەنپەئەتى يەتسە ئەجەب ئەمەس، ــــ دەپتۇ.
ــــ ماقۇل ئېيتاي، سىلە بالىلىرىنى چىللاپ ئۆيگە يىغىپ: «بالىلىرىم مال ـ مۈلۈكلىرىمنىڭ بىر قىسمىنى سىلەرگە مىراس ئايرىپ بەردىم. يەنە مۇهىم بىر قىسمىنى جان تۇمشۇقۇمغا كەلگەندە ئاندىن ئايرىپ بېرەي دەپ خۇپىيانە بىر جايغا يوشۇرۇپ قويغانىدىم.

قايسى كۈنى جان تۇمشۇقۇمغا يېتىپ نەپەستىن قالاي دېگەندە يادىمغا يەتكۈزۈپ قويۇڭلار. شۇ جاينى سىلەرگە ئېيتىپ بېرەي» دېسىلە. باللىرى دادام يوشۇرۇپ قويغان مۇھىم نەرسىنى قولغا كەلتۈرىمىز دەپ، ئاندىن سىلىنى ئوبدان باقىدۇ. ياخشى خەۋەر ئالىدۇ، — دەپتۇ.

بۇ ئادەمنىڭ ئەقىل كۆرسەتكەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىپتۇ. ئۇ ئادەم ئۆز يولىغا كېتىپتۇ.

بۇ ئادەم ئۆز ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ ۋە ئۇ ئادەمنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە باللىرىنى يىغىپتۇ:

— باللىرىم، سىلەرگە مۇھىم بىر ئىشنى ئېيتىپ قويۇش ئۈچۈن چاقىردىم. تەسەررۇپىمدىكى مال - مۈلۈكلىرىمنى سىلەرگە مىراس ئايرىپ بېرىپ، يەنە مۇھىم بىر قىسمىنى هاياتلا بولسام كېيىن لازىم بولار دەپ خۇپىيانە بىر جايغا قويۇپ قويغانىدىم. ئەھۋالىم ئېغىرلىشىپ جان تەلەپپۇزغا يەتكەندە يادىمغا يەتكۈزۈپ قويۇڭلار، مەن ئۇنتۇپ قېلىپ، سىلەر ئۇنىڭدىن قۇرۇق قالماڭلار، — دەپتۇ.

باللىرى دادىسىدىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ: «دادىمىز خۇپىيانە قويۇپ قويغان مۇھىم نەرسىسى قىممەت باھالىق نەرسىلەر ئوخشايدۇ. بۇنىڭغا مەن ئالدىن ئىگە بولۇۋالاي» دېيىشىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن باللىرى بىر - بىرىگە ئۇقتۇرماي ھەر كۈنى دادىسىغا ئۇنى - بۇنى كۆتۈرۈپ كېلىپ:

— ۋاي دادا، خۇپىيانە قويۇپ قويغان قانداق نەرسە ئۇ، قەيەرگە قويۇپ قويغان. ماڭا ئېيتىپ بەرسىڭىز، مەن سىزدىن ناھايىتى ئوبدان خەۋەر ئالىمەن، — دېيىشىپتۇ. شۇنداق قىلىپ باللىرى كۇندە كېلىپ ئوبدان خەۋەر ئېلىشقا باشلاپتۇ. بۇ ئادەم باللىرىنىڭ بۇ ئەھۋالىنى كۆرۈپ: ھېلىقى ئەقىل كۆرسەتكەن كىشى بىر دانا، ئاقىل كىشى ئىكەن، دەپ ئويلاپ، شۇ كىشىنى قايتا بىر ئۇچراتسام، كۆپ رەھمەت ئېيتسام ئىكەن، دەپ ئويلاپ يۈرۈپتۇ. بىر كۇنى كوچىدا كېتىپ بېرىپ ئۇ ئادەم بىلەن تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قاپتۇ. سالاملاشقاندىن كېيىن، ئۇ كىشى بۇ ئادەمدىن «قانداق بولدى» دەپ سوراپتۇ.

— ۋاي ئۆزلىرى ناھايىتى ئاقىل، دانا كىشى ئىكەنلا. سىلىنىڭ كۆرسەتمىلىرى بويىچە ئىش قىلغان ئىدىم. باللىرىم دادامنىڭ يوشۇرۇپ قويغان مۇھىم نەرسىلىرىنى قولغا كەلتۇرىمىز دەپ، بىر ـ بىرىگە ئۇقتۇرماي ھەر كۇنى ئۇنى ـ بۇنى كۆتۈرۈپ كېلىپ «ۋاي دادا» دەپ ھالى قالماي، مەندىن ناھايىتى ياخشى خەۋەر ئالغىلى تۇردى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— ئۇ ئىنساپسىز شەخسىيەتچى باللارغا مۇشۇنداق ئۇسۇلنى قوللانمىسىلا بولمايتتى. ئەمدى خارلىققا قالمايلا. باللىرى سىلە يوشۇرۇپ قويدۇم دېگەن نەرسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن سىلىدىن ئوبدان خەۋەر ئالىدۇ، خەير ـ خوش، — دەپ ئۆز يولىغا كېتىپتۇ. بۇ ئادەم ئۇ

www.uyghurkitap.com

كىشىگە قايتا ـ قايتا رەھمەت ئېيتىپتۇ[1].

## ئىپپەتلىك ئايال

بىر ئابرۇيپەرەس باي بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئىسمى سېلىم ئىكەن. ئۇنىڭ يەر ـ زېمىن، مال ـ مۈلۈك، قوي ـ چارۋىلىرى كۆپ ئىكەن.

ئۇ ئۆزىنىڭ بايلىقىنى نامايان قىلىپ، ئاتقا مىنىپ يۇرتمۇيۇت ئايلىنىپ يۈرىدىكەن. بۇ باي ناھايىتى پىخسىق مۇتتەھەم ھەم ئۆكتەم ئىكەن. ئۇنى خەقلەر «سېلىم پوچى» دەپ ئاتىشىدىكەن.

بۇ يېزىدا ئەكرەم دېگەن ساددا بىر دېھقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئەقىللىق، ھەم چىرايلىق ھەم ئىشچان بىر ئايالى بار ئىكەن. سېلىم كىشىلەردىن ئەكرەمنىڭ خوتۇنىنىڭ تەرىپىنى ئاڭلاپ قورسىقىغا جىن كىرىپ يامان نىيەت پەيدا بولۇپتۇ. دېھقانىنىڭ خوتۇنى راست ئەقىللىقمۇ سىناپ كۆرمەكچى بولۇپتۇ.

سېلىم پوچى بىر كۈنى ئېتىغا مىنىپ ئەكرەمنىڭ مەھەللىسىگە كەپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، ئەكرەم كەتمەن بىلەن يەر چاناۋاتقۇدەك، شۇ ئاندا سېلىم پوچى بۇ ساددا

[1] «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى 2002 ـ يىل 2 ـ سانىدىن ئېلىندى.
ئېيتىپ بەرگۈچى: قادىر ئابدۇللا، توپلاپ رەتلىگۈچى: ۋىلايەتلىك 1 ـ خەلق دوختۇرخانىسىدىن ئابدۇراخمان ھاجى مۆمىن

دېھقاننى بوزەك قىلماقچى بولۇپ ئىتنى توختىتىپ ئەكرەمدىن:
— ھەي ئەكرەم، ھەر كۈنى يەر چانايدىكەنسەن، بىر كۈندە قانچىلىك كەتمەن چاپىقىنىڭنى بىلەمسەن؟ ئېيتىپ باققىنچۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.
ئەكرەم بۇ سوئالغا نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ تۇرۇپ قاپتۇ.
— شۇنچىلىك سوئالغا جاۋاب بېرەلمىدىڭ. سەن نېمىدېگەن دۆت ـ ھە! — دېگىنىچە باي ئىتنى قامچىلاپ كېتىپ قاپتۇ. كەچ بولغاندا ئەكرەم ئىش ـ كۈشلىرىنى يۇغۇشتۇرۇپ ئۆيگە قايتىپ كەپتۇ ۋە خوتۇنىغا ئەھۋالنى ئېيتىپتۇ. خوتۇنى ئېرىدىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ:
— ھەي، ئەكرەم، سىز نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا ياندۇرۇپ جاۋاب بەرمىدىڭىز؟ — دەپتۇ.
— نېمىدەپ ياندۇرۇپ جاۋاب بەرسەم بولاتتى؟
— سەن ھەر كۈنى ئات مىنىپ يۈرىدىكەنسەن؟ ئىتىڭ بىر كۈندە قانچە قەدەم ماڭغاندۇ؟ بىلەمسەن؟ — دەپ سوئال قويسىڭىز بولاتتى، — دەپتۇ.
ئەكرەم خوتۇنىنىڭ ئېيتىپ بەرگەن سۆزىنى ئېسىدە مەھكەم ساقلاپتۇ. بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، يول بويىدا ئېتىزلىقتا يەر چاناۋاتسا، سېلىم پوچى ئېتىغا مىنىپ يەنە كەپتۇ. ئەكرەمنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئىتنى توختىتىپ:

www.uyghurkitap.com

— ھەي ئەكرەم، سەن ھەر كۈنى يەر چانايسەن. بىر كۈندە قانچە كەتمەن توپا چانايسەن؟ دەپ سوراپ باقسام شۈنىڭغىمۇ جاۋاب بېرەلمىدىڭما؟ سەن راست دۆت ئىكەنسەن، — دەپتۇ.

ئەكرەم بايدىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ، پىسەنت قىلمىغان هالدا:

— ئۇنداقتا سەن ھەر كۈنى ئېتىڭنى مىنىپ يۈرىدىكەنسەن، سېنىڭ ئېتىڭ بىر كۈندە قانچە قەدەم ماڭدى بىلەمسەن؟ — دەپتۇ.

باي بۇ سوئالنى ئاڭلاپ جاۋاب بېرەلمەي گاچىلىشىپ قاپتۇ ـ دە، ئەكرەمدىن سوراپتۇ:

— ھەي ئەكرەم، بۇ گەپلەرنى ساڭا كىم دەپ بەردى؟

— كىم ئېيتىپ بېرەتتى، ئايالىم ئېيتىپ بەردى.

— ئايالىڭنىڭ ئىسمى نېمە؟

— ئايالىمنىڭ ئىسمى گۈلچەم.

سېلىم باي ئەكرەمدىن بۇ گەپنى ئاڭلاپلا ئېتىنى مىنىپ كېتىپ قاپتۇ. بۇ ئۆز كۆڭلىدە، بۇ دۆت دېھقاننىڭ گېپىدىن قارىغاندا ئۇنىڭ خوتۇنى چوقۇم ئەقىللىق بولسا كېرەك. مەن ئۇنىڭ خوتۇنىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن بىر كۆرۈپ باقايچۇ؟ ئۇ زادى قانداقراقكىن؟ دەپ ئويلاپتۇ.

ئارىدىن بىرقانچە كۈن ئۆتۈپتۇ. سېلىم باي بىر كۈنى تازا ياسىنىپ ئېتىنى مىنىپ غادىيىپ ئەكرەمنىڭ مەھەللىسىگە كەپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، ئەكرەمنىڭ

خوتۇنــى ئىشــىك ئــالدىنى سۇپــۇرۇۋاتقۇدەك. دېگــەندەك ناھــايىتى كېلىشــكەن، چىــرايلىق ھــەم چاققــان ئايــال ئىكــەن. ئـۇ ئـۆز كـۆڭلىدە «ئوتـى بـار يـەرنىڭ سـۈيى يـوق، سۈيى بار يەرنىڭ ئوتى يوق» دېگەن مانا شۇدە. مۇشۇنداق كېلىشكەن چىرايلىق بىر ئايال ئەنە شۇنداق بىر دۆت كەمبەغەلنىڭ كېسەك ئۆيىدە تۇرغىنىنى كۆرۈڭ. بۇ ئايالنى گەپتە يېڭىپ، ئۇنى ئىندەككە كەلتۈرمەيدىغان بولسام، دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، تازا گىدىيىپ بىر پۇتىنى ئاتنىڭ ئۈزەڭگىسىگە دەسسەپ تۇرۇپ، بىر پۇتىنى يەرگە ئېلىپ تۇرۇپ ناھايىتى مەنمەنلىك بىلەن:

— ھەي گۈلچەم، ئېيتىپ باققىنچۇ، مەن ھازىر ئاتتىن چۈشۈۋاتامدىم ياكى ئاتقا مىنىۋاتامدىمەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

گۈلچەم ئەدەپلىك ئايال بولغاچ، سىلىم پوچىنى مەنسىتمىگەن ھالدا بىر پۇتىنى ئۆينىڭ بوسۇغىسى ئىچىگە دەسسەپ تۇرۇپ، بىر پۇتىدا ئىشىك بوسۇغىسى سىرتىغا دەسسەپ تۇرۇپ:

— قېنى سەن ئېيتىپ باققىنە؟ مەن ھازىر ئىشىكتىن چىقىۋاتامدىمەن ياكى ئۆيگە كىرىپ كېتىۋاتامدىمەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

سىلىم پوچى بۇنىڭغا بىر نىمە دەپ جاۋاب بېرەلمەي، پۇتىنى ئۈزەڭگىدىن يەرگە ئېلىپ، ئاندىن «ئېتىمنىڭ قۇيرۇقىنىڭ قىلى قانچىلىك؟» دەپ

سوراپتۇ.

گۈلچەم ئالدىرىماي، تېرىكمەي تۇرۇپ:

— قولۇمدىكى سۇپۇرگىنىڭ ئۇششاق شاخچىلىرى قانچە؟ ئېيتىپ باققىنە قېنى؟ — دەپلا سېلىم باينى كۆزگە ئىلمىغاندەك قىلىپ ئارقىغا بۇرۇلۇپلا ئۆيگە كىرىپ كېتىپتۇ.

سېلىم باي مات بولۇپ، ئۆز كۆڭلىدە: بۇ مېنى پىسەنتىگە ئالمىدى. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ دەپ ئويلاپ ئېتىنى مىنىپ كېتىپتۇ. شۇندىن كېيىن، باينىڭ ئەس ـ يادى قانداق قىلىپ گۈلچەمنى قولغا كەلتۈرۈش بولۇپ، يەنە سۇيىقەستلىك بىر چارە ئويلاپ چىقىپتۇ.

باي بىر كۈنى ئەكرەمنى چاقىرتىپ كېلىپ:

— ھە، ئەكرەم، ئامان تۇردۇڭمۇ؟ مۇشۇ يەردە بىر قوچقارىم بار. بۇ قوي بوغاز، قوزىلايدىغان ۋاقتى ئاز قالدى. بۇنى ساڭا بېقىپ بېرىشكە بېرىمەن. ھەققىڭنىمۇ سېنى رازى قىلغۇدەك بېرىمەن. بىر ئايدىن كېيىن ئۆيۈڭگە بېرىپ قوينى قوزىسى بىلەن بىرگە ئېلىپ كېلىمەن. ئەگەر قوزىنى بىرگە قوشۇپ بەرمىسەڭ گۈلچەمنى تارتىپ كېلىمەن، — دەپتۇ.

ئەكرەم بۇ مۇتتەھەم باينىڭ گېپىنى رەت قىلالماي قوچقارنى يېتىلەپ، رەڭگى ئۆچكەن ھالدا ئۆيگە قايتىپ كەپتۇ. خوتۇنى ئەكرەمنى كۆرۈپلا، كىشىلەرنىڭ بوزەك

قىلىشىغا ئۇچرىغانلىقىنى سىزىپ قاپتۇ ۋە ئەكرەمدىن:
— نېمە بولدىڭىز؟ بىرەر كۆڭۈلسىزلىك ئەھۋاللار يۈز بەردىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.
— سىلىم بىلىنىك ئۆيىگە باردىم. بالايىئاپەت ئېلىپ ياندىم. ئۇ مۇتتەھەم باي سۇيىقەست ئىشلىتىپ ئەر - خوتۇن ئىككىمىزنى ئاخىر ئايرىيدىغان ئوخشايدۇ، — دەپ كۆز يېشى قىپتۇ.
— زادى نېمە ئىش بولدى؟ ھەممىنى ماڭا تولۇق ئېيتىپ بېرىڭە؟ — دەپتۇ خوتۇنى.
ئەكرەم خوتۇنىغا جەرياننى تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىپتۇ.
— ھە، مۇنداق دەڭ. مەن تېخى سىزنى قانداق قىيىن ئىشقا يولۇققاندۇ دەپ ئەندىشە قىپتىمەن. بۇنىڭدىن غەم قىلماڭ. قوچقارنى باقايلى. بۇنىڭغا ئامال بار. ۋاقتى كەلگەندە ئۇ ئۆكتەم، مەككار باي قوچقىرى بىلەن قوزىسىنى بىرگە ئېلىپ كەتسۇن، — دەپتۇ.
بىر ئاي مۆھلەت توشۇپ قاپتۇ. ئەكرەم تىت - تىت بولۇپ تۇرالماي قاپتۇ. گۈلچەم ئېرىنىڭ تىت - تىت بولغانلىقىنى بىلىپ:
— ئەگەر سىز بۇ ئىشتىن قورقسىڭىز، ئاخشاملىقتا ئۆگزىگە چىقىپ پاخالنىڭ ئارىسىغا مۆكۈنۈۋېلىڭ. باي كەلگەندە ئۇنىڭغا قوزىسىنى مەن ئۆزۈم تاپشۇرىمەن، — دەپتۇ.

كەچ بوپتۇ. دىگەندەك باي يىتىپ كەپتۇ ۋە ئۆيگە كىرىپ ئۇيان ـ بۇيان قاراپ:
ــــ ھە گۇلچەم، ئەكرەم قېنى؟ ــــ دەپ سوراپتۇ. گۇلچەم پىسەنت قىلماستىن:
ــــ ھە، نېمە داۋاتىسەن؟ ئەكرەمنى سوراۋاتامسەن؟ ھە، ئۇ باياتىنراق ئۆينىڭ ئارقىسىدىكى تاغقا بېرىپ قوزا تۇغۇپ كېلەي دەپ كېتىۋىدى، ــــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.
سېلىم باي گۇلچەمدىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەيران قاپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن:
ــــ نېمە دەۋاتىسەن، خۇپسەنلىك قىلما. دەرھال ئەكرەمنىڭ بار يېرىنى ئېيتىپ بەر. مەن ئۆمرۈمدە ئەر كىشىنىڭ بالا تۇغقىنىنى ئاڭلىمىغان.
ــــ ئۇنداق بولسا، سەن ئەر كىشىنىڭ بالا تۇغقىنىنى ئاڭلىمىغان بولساڭ، قوچقارنىڭ قوزا تۇغقىنىنى ئاڭلىغانمۇ؟ قوچقار قوزا تۇغىدۇ دىگەن گەپنى ئاغزىڭدىن چىقارماي ئاستا قايتىپ كەت! ھېلى رەسۋا بولىسەن! ئەر كىشى بالا تۇغمايدىغان بولسا، قوچقارىڭمۇ قوزىلىيالماي ئۆلۈپ كەتتى، ــــ دەپتۇ.
شۇنىڭ بىلەن سېلىم باي ئوسال بولۇپ كېتىپ قاپتۇ.
شۇ ۋەقەدىن كېيىن ئەكرەم خوتۇنىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىگە قايىل بولۇپ، خوتۇنىغا بولغان مېھىر ـ مۇھەببىتى نەچچە ھەسسە ئارتىپتۇ. ئەر ـ خوتۇن بىر ـ

بىرىگە ھەمكارلىشىپ تىرىشىپ ئەمگەك قىلىپ تۇرمۇشنى ياخشى ئۆتكۈزگەن ئىكەن[1].

## ئۆتنە ئالەم

قەدىمكى زامانلارنىڭ بىرىدە بىر پادىشاھ ئۆتكەن ئىكەن، ئۇ ناھايىتى ئادىل ئىكەن، خەلقلىرىمۇ باياشات ياشايدىكەن.

بۇ ئەلدە ئالاۋىدىن دەيدىغان بىر باي قاسساپ بار ئىكەن، بۇ كىشى تارازىنى توغرا تۇتۇپ ھالاللىق بىلەن تىجارەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، تىجارىتى يۈرۈشۈپ كېتىپ ئۆزى يالغۇز يېتىشەلمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ. شۇڭا ئۆزىگە ياردەمدە بولىدىغان، ئۆيىنىڭ يۈگۈر - يېتىم ئىشلىرىغىمۇ سالىدىغانغا قەدىردان دەيدىغان بىر يىگىتنى ياللاپتۇ. يىگىت ناھايىتىمۇ ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي، ئەستايىدىل ئىشلەيدىغان بالا ئىكەن. يىگىتنىڭ خىزمىتى ياراپ قالغىنى ئۈچۈن، بۇ ئائىلىنىڭ بالىسىدەك بولۇپ كېتىپتۇ، يىگىت گەرچە يىگىرمە نەچچە ياشلارغا بېرىپ قالغان بولسىمۇ، ھەرقانداق ساھىبجامال قىزلارغىمۇ كۆزىنىڭ قىرىنى سالمايدىكەن. قاسساپنىڭ خوتۇنىمۇ ھۆسىندە شەھەرنىڭ ئالدىدا ئىكەن. ئۇنىڭ ئالدىغا

---

[1] «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى، 2001 - يىل 3 - سانىدىن ئېلىندى.
ئېيتىپ بەرگۈچى: ئاۋۇت ئاخۇن، توپلاپ رەتلىگۈچى: ئابدۇراخمان ھاجى مۆمىن

www.uyghurkitap.com

ئۆتىدىغان گۈزەللەر يوق ئىكەن. ناۋادا كوچىلارغا چىقىپ قالسا، جامالىنى كۆرگەن ھەرقانداق كىشىنىڭ كۆزى ئارقىدا قالىدىكەن.

شۇنداق كۆڭلەرنىڭ بىرىدە قەدىردانىنىڭ بۇ خوتۇنغا كۆزى چۈشۈپ قاپتۇ ـ دە، دەرھال باغقا كىرىپ چىرايلىق پىشقان قىپقىزىل ئالمىدىن بىرنى ئۈزۈپ چىقىپ قاسساپنىڭ ئايالىنىڭ قېشىغا كىرىپ، ئالمىنى ئۇنىڭغا سۇنۇپتۇ. ئايال قولىنى ئۇزاتقان ئىكەن، يىگىت ئۇنىڭ قولىنى تارتىپ مەيدىسىگە بېسىپلا قويۇپ چىقىپ كېتىپتۇ. بۇ ئىشتىن قاسساپنىڭ خوتۇنى ھەيران قاپتۇ.

قاسساپ سودىسىنى تۈگىتىپ قايتىپ كەپتۇ.

ـــ مەن سەندىن بىر گەپ سورايمەن، ئەگەر ھىيلىگەرلىك قىلىپ راست گەپ قىلمىساڭ ھازىردىن تارتىپ ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتىمنى ئۈزىمەن، ـــ دەپتۇ خوتۇن ئېرى ئۆيگە كىرە ـ كىرمەيلا. مېنىڭ قىلغان ئىشىمنى خوتۇن كۆرۈپ قالغان ئوخشىمامدۇ ياكى كۆرگەن كىشىلەردىن بىرەرسى خوتۇنغا دېگەن ئوخشىمامدۇ، دەپ ئويلاپ:

ـــ مەن ساڭا راستىمنى ئېيتسام، ئەتىگەن دۇكاندا خېرىدار كۈتۈپ ئولتۇرسام، شۇنداق كاتتا ياسانغان، بويۇنلىرى پاختىدەك ئاپئاق، مارجانلىرى شۇنداق ياراشقان بىر ئايال كىرىۋىدى، كۆرۈپ كۆزۈم چۈشتى. «مانا بۇ ئۆيدە پاقلاننىڭ گۆشى بار، كۆرۈپ باقسىلا» دەپ

دۇكاننىڭ كەينىدىكى ئۆيگە ئەكىرىپ، يېرىم قوينىڭ گۆشىنى بىكارغا بېرىپ، ئايالنىڭ بېلىنى تۇتۇپ بىرنى سۆيۈۋالغانتىم. ھەقىقەتەن، مەن ئۇنىڭدەك گۈزەل ئايالنى كۆرمىگەن ئىدىم، — دەپتۇ.

قاسساپنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان خوتۇن ئۆزىگە ئۆزى: «يىگىتتە ھېچ گۇناھ يوق ئىكەن. يىگىت ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ، مەن ئۇنىڭدىن بىرەر يامان نىيەت، ھاياسىزلىقتەك ناشايان ئىشلارنى پەقەت سەزمىگەن ئىدىم. بۈگۈن ئۇنىڭ قولۇمنى تارتىپ مەيدىسىگە يېقىشى ئېرىمنىڭ قىلغان ئەسكى ئىشىنىڭ ئۆتنىسى ئىكەندە» دەپ ئۆزىگە ـ ئۆزى تەسەللى بېرىپتۇ.

ئەتىسى مالاي ئۆزىنى قاسساپنىڭ خوتۇنىنىڭ ئايىغىغا تاشلاپ:

— ئەي گۈزەل خانىم، سىلى مېنىڭ تۈنۈگۈنكى شەيتانلىقىمنى كەچۈرسىلە، — دەپ ئەپۇ سوراپتۇ.

— ئەي ئاق كۆڭۈل يىگىت، سەندە ھېچ گۇناھ يوق. ئۇ دۇكاندا باشقا بىر كىمنىڭ ئايالىغا قىلغان ئىشىنى سەن ئۆيدە ماڭا قىلدىڭ. بۇ ئۆتنە ئالەم، ئەگەر مېنىڭ ئېرىم باشقا كىشىنىڭ ئايالىغا ئۇنىڭدىن ئارتۇقراق قىلغان بولسا، سەنمۇ ئېھتىمال ماڭا ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇقراق قىلار ئىدىڭ. ھەرقانداق ئەسكى ئىشنىڭ ئۆتنىسى بولىدۇ، — دەپتۇ. ئاندىن مۇنۇ بېيىتنى ئوقۇپ بېرىپتۇ.

سالما ئەر ـ خوتۇنلارغا جۇدالىق،
ئېزىپ يۈرمە بۇ يولدا بولما گۇناھلىق[1].

## ئىنساپلىق ئوغۇل

بۇرۇنقى زاماندا كەشمىر ۋىلايىتىدە بىر ئادەم ئۆتكەنىكەن. ئۇ قولى قىسقا، نامرات بىر ئادەم بولۇپ، يالغۇز بىرلا ئوغلى بار ئىكەن.

بۇ دۇنيانىڭ ئېغىرچىلىق دەردىنى مەنلا تارتىپ ئۆتۈپ كېتەي، ئوغلۇم بولسىمۇ كەلگۈسىدە ياخشى كۈن كۆرسۇن، دەپ ئويلىغان بۇ كىشى ئوغلىنى ماشىنىچىلىققا شاگىرتلىققا بېرىپتۇ. بۇ ئوغۇل ناھايىتى زېرەك، تىرىشچان بولغاچقا، بىرقانچە يىلدىلا ناھايىتى ئۇستا ماشىنىچى بولۇپ يېتىشىپ چىقىپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى، بۇ ئوغۇلنىڭ دادىسى ۋاپات بولۇپ كېتىپ، ئۆزى يالغۇز قاپتۇ. شەھەردە تاپاۋەت قىلىش قىيىن بولغانلىقتىن، چەترەك بىر سەھراغا چىقىپ ھۈنەر قىلىپ ياشاپتۇ. ئۇ بىر كۈنى خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇۋېتىپ جامائەتتىن كېيىنرەك قاپتۇ. نامازدىن يېنىپ چىقىۋاتقاندا، پۇتىغا بىرنەرسە تېگىپتۇ. ئېڭىشىپ قارىسا بىر دانە كەمەر ئىكەن، ئۇنى قولىغا

---

[1] «مايبۇلاق» ژۇرنىلى، 1999 ـ يىل 2 ـ ساندىن ئېلىندى.
رەتلىگۈچى: ياسىن ھەسەن



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئېلىپ بېلىگە باغلىۋاپتۇ. ئۆيىگە قايتىپ كېلىۋاتسا، يولدا بىر ئادەم «ۋاي ئىسسىت كەمىرىم، ۋاي ئىسسىت كەمىرىم!» دەپ، پەرياد چەككىنىچە قوللىرى بىلەن بېشىغا مۇشتلاپ يىغلاپ يۈرگۈدەك.

ماشىنىچى ئوغۇل ئۇ ئادەمنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئىچ ئاغرىتقان ھالدا:

— ۋاي ئاكا، نېمە بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ۋاي ئۇكام نېمە بولىدىغان، ئۆمرۈم بويى يىغقان دۇنيا دەپىنىلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ئەشۇ كەمىرىمنىڭ ئىچىگە جايلاشتۇرغانىدىم. ئەگەر كىمكى تېپىۋېلىپ ماڭا بەرسە، ئاشۇ دۇنيالارنىڭ يېرىمىنى شۇ كىشىگە بېرەتتىم، — دەپ زارلىنىپتۇ.

ماشىنىچى ئوغۇل ئىنساپلىق ئىكەن، ئىچى ئاغرىپ، كەمەرنى ئۇ كىشىگە بېرىپتۇ. ھېلىقى كىشى خۇشاللىقىدىن ماشىنىچى ئوغۇلنى مېھمان قىلغىلى ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ كەپتۇ. مېھمان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئادەم كەمەرنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ ئۇنىڭدىكى دۇنيالارنى داستىخانغا تۆكۈپتۇ. بۇ دۇنيالار — كۆز چاقنىتىپ تۇرىدىغان لەئىل، گۆھەرلەرنى ئىككىگە بۆلۈپتۇ. ئاندىن ماشىنىچى ئوغۇلغا قاراپ:

— ئەي يىگىت، بۇ دۇنيالارنىڭ يېرىمىنى مېنىڭ رازىلىقىم بىلەن ئالامسەن ياكى ئۆز رازىلىقىڭ بويىچە ئالامسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۆز رازىلىقلىرى بويىچە بەرسىلە، — دەپتۇ ماشىنىچى ئوغۇل.

ھېلىقى ئادەم يېرىم بۆلۈنگەن دۇنيانى يەنە ئىككىگە بۆلۈپ تۇرۇپ:

— بۇنىمۇ مېنىڭ رازىلىقىم بويىچە ئالامسەن ياكى ئۆز رازىلىقىڭ بويىچە ئالامسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۆز رازىلىقلىرى بويىچە بەرسىلە، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ماشىنىچى ئوغۇل يەنە. ھېلىقى ئادەم دۇنيالارنى نەچچە قېتىم بۆلۈپ يۈرۈپ، بىر تاللا ياقۇت قالغاندا:

— بۇ مەرۋايىتنى ئالامسەن ياكى ئورنىغا دۇئا ئالامسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مال - دۇنيا تېپىلىدىغان نەرسە، دۇئالىرىنى ئالاي، — دەپتۇ ماشىنىچى ئوغۇل.

شۇنداق قىلىپ، ھېلىقى كىشى ماشىنىچى ئوغۇلغا ئۆزىنىڭ دۇئادىن بىرنى بېرىپ قۇتۇلۇپتۇ. ھېلىقى ماشىنىچى ئوغۇل قانداق تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ئويلىنىپ تۇرۇپ قاپتۇ. ھېلىقى ئادەم پىشاۋۇرغا بارماقچى ئىكەن. ماشىنىچى يىگىت: «مېنىمۇ پىشاۋۇرغا ئالغاچ كەتسىلە، سىلىگە خىزمەت قىلاي» دەپتۇ. ھېلىقى ئادەم ماقۇل بولۇپ پىشاۋۇرغا ئېلىپ كېتىپ، ئۆز خىزمىتىگە سالپتۇ. ھېلىقى ئادەم ئويلىنىپ: «شۇنداق ئىنساپلىق، ھۈنەرلىك بىر يىگىتنى چاكار ئورنىدا ئىشلەتسەم بولماس، ياخشىراق بىر ئۇستىغا تونۇشتۇرۇپ قوياي»

دېگەن قارارغا كەپتۇ. شەھەردە ئۇستا بىر ماشىنىچى بار ئىكەن، شۇنىڭغا تونۇشتۇرۇپ قويۇپتۇ. ماشىنىچى ئۇستا يېڭى كەلگەن ماشىنىچى ئوغۇلغا ئىش كېسىپ بېرىپ سىناپ كۆرۈپتۇ. تىككەن كىيىملىرىدىن بۇ يىگىتنىڭ ماھارەتتە ئۈزىدىنمۇ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى، پىشاۋۇر شەھىرىدىكى بارلىق ئۇستىلارنىڭ ئۇ يىگىتكە يېتىشەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىپتۇ ۋە بۇ يىگىتنى قەدىرلەپ ياخشى مۇئامىلە قىپتۇ. ئۇنىڭ تىككەن كىيىملىرىنى پىشاۋۇر خەلقى تالاش ـ تالاشتا ئېلىپ كېتىدىكەن. ماشىنىچى ئۇستىمۇ تېزلا بېيىپ كېتىپتۇ. ماشىنىچى ئوغۇلنىڭ «كەشمىر ئۇستىسى» دېگەن شۆھرىتى شەھەر ـ شەھەرلەرگە تاراپ كېتىپتۇ. ئەمدى گەپنى ھېلىقى كەمەر يىتتۈرگەن ئادەمدىن ئاڭلايلى:

بىر كۈنى بۇ كىشى خوتۇنى بىلەن ئۇرۇشۇپ قېلىپ «ئۈچ تالاق» قىلىپ تاشلاپتۇ. كېيىن بۇ ئىشقا بەك پۇشايمان قىلىپ، خوتۇنىنى ياندۇرۇپ ئەكېلىشنى ئويلاپتۇ. بۇ ئىش ئۈچۈن قازى ئاخۇنۇمدىن پەتىۋا سوراپتۇ. قازى ئاخۇنۇم: «بولمايدۇ، ئۈچ تالاق قىلىنغان خوتۇننى يات بىر ئەرگە نىكاھلاپ، ئاندىن تالاق قىلدۇرۇپ، نىكاھلاپ ئالماق دۇرۇس» دەپ پەتىۋا چىقىرىپتۇ. ھېلىقى كىشى ئايالىنى باشقىلارغا نىكاھلىتىشقا كۆڭلى كۆتۈرمەپتۇ. بىردىنلا ماشىنىچى ئوغۇل ئېسىگە كەپتۇ ـ دە، ئۇنى ناھايىتى ئىنساپلىق چاغلاپ ئايالىنى

نىكاھلاتماقچى بوپتۇ. نىكاھلىتىپ، ئۈچ كۈننى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، ئۇ ئىككىلەننى بىر ھۇجرىغا سولاپ قويۇپتۇ. ئۇ ئايالمۇ بەك ياش ئىكەن، ئىككى ياش بىر - بىرىنىڭ جامالىنى كۆرۈش بىلەن بىر - بىرىگە ئاشىق بىقارار بولۇپتۇ. كېيىندىن ئۇ ئايال ماشىنىچى ئوغۇلغا ھېسابسىز ئۈنچە - مەرۋايىتلار بېرىپ تۇرۇپ:

— سىز تېپىۋالغان ھېلىقى كەمەر دۇنيالار، بۇ ئۆي - بىسات، مال - مۈلۈكلەرنىڭ ھەممىسى ماڭا ئاتامدىن قالغان، كېيىن بۇ ئادەم ئىگىلىۋالدى. ئەتە قازىنىڭ ئالدىغا بارغاندا، مېنى ئەمرىڭدىن ھەرگىز جۇدا قىلما، بۇ مال - دۇنيالار بىلەن ئىككىمىز بۇ دۇنيادا بەختلىك ئۆتەيلى، — دەپ ئۆگىتىپتۇ.

— ئەمرىگە ئالغان ئايالنى قويۇۋېتىش — بىزنىڭ يۇرتىنىڭ قائىدىسىدە ناھايىتى ئەيىبلىك ئىش ھېسابلىنىدۇ، مەن ئۇنى ئەمرىمدىن جۇدا قىلالمايمەن، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ ماشىنىچى ئوغۇل. ئۇ: بۇ ھەقىقەتەن ئىنساپسىز ئادەم ئىكەن، ئاچ كۆز، ۋەدىسىدە تۇرمايدىكەن، مېنىڭ بۇنداق قىلىشىم ھەرگىزمۇ ئۇۋاللىق بولمايدۇ، دەپ ئويلىغانىكەن، قازىمۇ ماشىنىچى ئوغۇلنىڭ پىكرىنى ئورۇنلۇق ھېسابلاپ، ئايالنى ئۇنىڭغا بۇيرۇپ قويۇپتۇ.

ئىلاج قىلالمىغان ھېلىقى ئادەم دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ قازىخانىدىن چىقىپ كېتىپتۇ. بۇ ئىككى ياش ئەر - خوتۇن يېڭى تۇرمۇشنى خۇشاللىق بىلەن باشلاپ،

ئۆمرىنى بەختلىك ئۆتكۈزۈپتۇ[1].

## ھېرىس باينىڭ ئۆلۈمى

بۇرۇنقى زاماندا بىر سودىگەر ئۆتكەن ئىكەن. ئۇنىڭ تەلەيخان ئىسىملىك بىر ۋاپادار ئايالى ۋە ئامەت ئىسىملىك ئوغلى بار ئىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە سودىگەر تىجارەت قىلىش ئۈچۈن بىر سەھراغا مېڭىپتۇ ۋە يېرىم يولغا كەلگەندە، قاتتىق چارچىغىنىدىن يوغان بىر تۈپ قېرى سېدە دەرىخىنىڭ سايىسىدا ئارام ئاپتۇ ۋە ئارامدىن كېيىن سەھرا بازىرىغا بېرىپ، سودىسىنى تۈگىتىپ ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ. ئۇ تىجارىتىدە كۆپ پايدا ئالغانلىقى ئۈچۈن كېيىنكى بازار كۈنى ئۈچ يەردە دۇكان ئېچىش نىيىتىدە ئايالى ۋە ئوغلىنىمۇ بىرگە ئېلىپ مېڭىپتۇ ۋە ھېلىقى يوغان سېدە سايىسىدا ئارام ئېلىپتۇ. بىر چاغدىن كېيىن سودىگەر ئويغىنىپ قارىسا ئوغلىنى يىلان چېقىپ ھالسىزلاندۇرۇپتۇ. بۇ ھالنى كۆرگەن سودىگەر ۋە ئايالى ئوغلى ئۈچۈن داد ـ پەريات چېكىپتۇ ـ دە، غەزەپكە كەلگەن سودىگەر يىلاننى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن قولىغا تاش ئاپتۇ. بۇنى كۆرگەن يىلان زۇۋانغا كېلىپ: «ھەي

[1] «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى، 1993 ـ يىل 2 ـ سانىدىن ئېلىندى.
ئېيتىپ بەرگۈچى: جام يېزىدىن ئوبۇل پازىلاخۇن، توپلاپ رەتلىگۈچى: ئابابەكرى خوجا

ئادەمزات! مېنى ئۆلتۈرسەڭ ئوغلۇڭ تىرىلىپ قالامدۇ؟» دەپتۇ. «ئوغلۇم تىرىلمىسىمۇ جانغا جان ئالىمەن» دەپتۇ سودىگەر. «مەن ساڭا بىر ساندۇق ئالتۇن بېرەي، مېنىڭ جېنىمغا زامىن بولمىغىن» دەپتۇ يىلان قۇيرۇقىنى شىپاڭلىتىپ تۇرۇپ ۋە سودىگەرنى يول سىرتىدىكى بىر ئېدىرلىققا باشلاپ بېرىپ بىر ساندۇقنى كۆرسىتىپتۇ. سودىگەر ساندۇقنى ئېچىپ ئالتۇنلارنى كۆرگەندىن كېيىن يىلاننىڭ گۇناھىدىن ئۆتۈپتۇ.

يەنە بىر ھەپتىدىن كېيىن سودىگەر بۇ يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ قېرى سېدە سايىسىدا ئايالى بىلەن ئارام ئاپتۇ. بۇ قېتىم يىلان سودىگەرنىڭ ئايالىنى چېقىپ ئۆلتۈرۈپتۇ. غەزەپكە كەلگەن سودىگەر يىلاننى چوقۇم ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ يوغان بىر تال تاشنى قولىغا ئالغانىكەن، «ئەي سودىگەر، بۇ قېتىممۇ مېنى ئەپۇ قىلساڭ، مەن سېنى ئوبدان رازى قىلاتتىم» دەپتۇ يىلان يالۋۇرۇپ تۇرۇپ، سودىگەر يىلاننىڭ ئۆتكەنكى سېخىيلىقىنى ئېسىگە كەلتۈرۈپ قولىدىكى تاشنى تاشلاپتۇ. بۇنى كۆرگەن يىلان بۇ نۆۋەت بىر ساندۇق ئالتۇن بىلەن بىر كومزەك زۇمرەت بېرىشكە ۋەدە قىپتۇ. سودىگەر يىلاننىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇشال بوپتۇ ۋە يىلاندىن ئىنئام ئالغان زۇمرەت بىلەن بىر ساندۇق ئالتۇننى ئېلىپ قايتىپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپ سودىگەر بۇ يولدىن يەنە بىر قېتىم ئۆتۈپ

يىلاننىڭ ماكانى بولغان بۇ قېرى سېدىنىڭ سايىسىدا يەنە ئارام ئېلىۋېتىپ ئۇخلاپ قاپتۇ. ئويغىنىپ قارىسا يىلان نەشتىرىنى سوزغىنىچە سودىگەرگە قاراپ تۇرغۇدەك، سودىگەر يىلاننىڭ ئەلپازىنى كۆرۈپ قولىغا تاياق ئېلىشقا تەييارلىنىپتۇ. بۇنى كۆرگەن يىلان سودىگەرنى مەسخىرە قىلىپ كۈلۈپتۇ، سودىگەر يىلانغا يالۋۇرۇپتۇ.

يىلان ئۇنىڭغا قىلچە پىسەنت قىلماي: «ھەي ئەخمەق، ئاۋۋال ئوغلۇڭنى چاقتىم، ئىبرەت ئالمىدىڭ، كېيىن ئايالىڭنى چاقتىم، يەنە ئىبرەت ئالمىدىڭ، سەن مال ـ دۇنياغا ھېرىس بولغانلىقىڭ ئۈچۈن بۇ ئاقىۋەتنىڭ ئۆزۈڭگە كېلىشىنى ئويلىمىدىڭ، مال ـ دۇنياغا بېرىلمەي مېنى ئۆلتۈرگەن بولساڭ بۇ ھالغا قالماس ئىدىڭ» دەپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ، سودىگەرمۇ جان ئۈزۈپتۇ. سودىگەرنىڭ بۇ ھالىدىن خەۋەر تاپقان ئەل ـ يۇرت ئۇنىڭ بۇ ھالىغا ئېچىنىپتۇ. ئاخىرى كىشىلەر سودىگەرنىڭ مال ـ دۇنياغا بولغان ھېرىسمەنلىكىنى مەسخىرە قىلىپ، ئۇنىڭغا «ھېرىس باي» دېگەن لەقەمنى قويۇشۇپتۇ[1].

---

[1] «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى، 1985 ـ يىل 5 ـ سانىدىن ئېلىندى.
توپلاپ رەتلىگۈچى: ئۆمەر ھامىدىن